ئومۇمىي 20-سان

2021 مارت - ئاپرېل




# ئۇيغۇرلار

# The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام

27

ۋاقىت باشقۇرۇش

28



مەخپىي ئۇرۇش

1



6 009800 461091

ئومۇمىي 20-سان

2021 مارت - ئاپرېل

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىي ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. شۇڭلاشقا، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**



# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

غەزەب ۋە ئۇنى تىزگىنلەش 48

ۋاقىت باشقۇرۇش: ئىجادىي
كېچىكتۈرۈش ئۇسۇلى

ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى 56

## خىتاي تەتقىقاتى

مەخپىي ئورۇش

## گۈلىستان

بالىلارنىڭ تىل ئىقتىدارى
ۋە ئۇنى كۈچەيتىش
ئۇسۇللىرى

## تارىخ ۋە بىز

ستالىننىڭ شىڭ شىسەيگە
يازغان مەكتۇبى 118















## خەلقئارا ۋەزىيەت

سادامنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە
خىتاينىڭ ئالاقزادىلىكى 98

ناتو ھەققىدە مەلۇمات 41

ئامېرىكادىكى خىتاي
كوممۇنىستىك پارتىيىسى
بىلەن باغلىنىشلىق ئالتە يۈز
تەشكىلات 79

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

ھەدىس ھەققىدە بەزى بايانلار 104

## ساغلاملىق

يۈرەكنىڭ سوقۇش رىتىمى
ھەققىدە مۇھىم ئۇچۇرلار 51

## كۆچكۈندىكى ئۇيغۇرلار

سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرغان
كۆنلەرنىڭ خاتىرىسىدىن 92

## ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

ئۇيغۇرلاردا مەدەنىيەت ۋە ئىسلام

خىتاي تەتقىقاتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

HOW CHINA TOOK OVER WHILE AMERICA'S ELITE SLEPT

# مەخپىي ئۇرۇش

# STEALTH WAR

روبېرت سپالدىڭ



GADIER GENERAL
RT SPALDING
S Air Force, Retired)

# مەخپىي ئۇرۇش: توققۇزىنچى باب — ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق دۇنياغا خوجا بولۇش (داۋامى)

## (بېشى ئالدىنقى ساندا)

### بىر بەلباغ، بىر يول، بىر ئىمپېرىيە

2013 ـ يىلى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى شى جىنپىڭ ئىككى تۈرلۈك غايەت زور پروجېكتنى باشلىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ پروجېكتكە ئىلگىرى خىتاي خەلقئارالىق كۆچ سۆپىتىدە دەۋر سۈرگەن چاغلارنى ئەسلىتىدىغان، «يىپەك يولى ئىقتىسادىي بەلبېغى ۋە 21 ـ ئەسىردىكى دېڭىز يىپەك يولى» دېگەن ئىسىم قويۇلغانىدى. بۇ پروجېكتقا ئالاقىدار «نەچچە تىرىلىيون دوللارلىق مەبلەغ قانداق تويلىنىدۇ؟ بۇ پروجېكتكە كىملەر ئەزا بولىدۇ؟» دېگەندەك تەپسىلاتلار ئېنىقسىز ئىدى. ئەمما، بىر نەرسە تولىمۇ ئېنىق ئىدى. يەنى مەزكۇر پروجېكتنىڭ ئىسمىدا «يىپەك يولى»نى ئىككى قېتىم ئىشلىتىشتىكى مەقسەت، خىتاينىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمرانلىق سەھنىسىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى جاكارلاش ئىدى. قەدىمىي يىپەك يولى تۇنجى قېتىم مىلادىدىن ئىلگىرىكى 100 ـ يىللاردا پەيدا بولغان تىجارەت لىنىيەسى بولۇپ، خەن سۇلالىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىلارنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. كېيىنچە، مەزكۇر ئىككى يىپەك يولى پروجېكتىنىڭ پايتەختىدەك ئۇزۇن ئىسمى قىسقارتىلىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» دېيىلدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا «بەلباغ ۋە يول پروجېكتى» دەپ ئاتالدى.

«بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى» زادى نېمە؟ بۇنىڭ جاۋابى سوئالنى كىمدىن سورىشىڭىزغا باغلىق. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ تاشيول، تۆمۈريول ۋە دېڭىز يولى ئارقىلىق، خىتاينى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافرىقا، ئوتتۇرا شەرق ۋە ياۋروپانىڭ بىر بۆلۈكىدىكى 65 دۆلەت بىلەن تۇتاشتۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىلانىدۇر. مەزكۇر پىلانغا كۆرە، خىتاي مەبلەغ چىقىرىپ بۇ دۆلەتلەردە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى قىلىش ئارقىلىق يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇ دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىدۇ. بۇ خىتاي ھۆكۈمىتى ئافرىقادا ئاللىقاچان باشلىغانغا ئوخشاش، ئومۇمىيۈزلۈك ئېلېكتىر، سۇ، تېلېگراف مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نوقۇل ھالدا خىتاي دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى 2015 - يىلى ئېلان قىلغان پىلان لايىھەسىنى كۆرگەن كىشى «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى»نى ھەقىقەتەن «مېھىر - شەپقەتكە تولغان»، تەرەققىي تاپمىغان دۆلەتلەرگە ياردەم قىلىدىغان، شۇنداقلا (خەلقئارالىق) ئەركىن سودىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان «شەخسىيەتسىز» خەلقئارالىق پىلانىكەن، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەمما، ئىشنىڭ كۆلىكىلىك يېرى دەل مۇشۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى قاچان ئەركىن سودا پرىنسىپلىرىغا بويسۇنۇپ باققان؟ لېكىن، «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى»دە بۇ نۇقتا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. مەزكۇر باياناتتا «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى»نىڭ ئاشۇ خىل رىئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە تۆرتكە بولىدىغانلىقى تۆۋەندىكى رەۋىشتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

خىتاي ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئاساسىي پرىنسىپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يېڭىچە ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىدۇ، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئىقتىسادىي گەۋدىلەر بىلەن تېخىمۇ قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى» خىتاينى ئۆزىنىڭ ئېچىۋېتىش سالمىقىنى زورايتىش ۋە دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، شۇنداقلا ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشىدىغان ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىدۇ. خىتاي چوقۇم چامىسى يەتكەن دائىرىدە، تېخىمۇ كۆپ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ تىنچ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەڭ زور ھەسسە قوشۇشقا تىرىشىدۇ.

ئەمما، سىز («بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى» زادى نېمە؟ دېگەن) بۇ سوئالنى ئىلگىرى فرانسىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىدا يىگىرمە يىل خىتاي ئىستراتېگىيەسى تەھلىلچىسى بولغان نادېج رولاندتىن (**Nadège Rolland**) سورىسىڭىز، تامامەن پەرقلىق جاۋابقا ئېرىشىسىز.

رولاند «بۇ ئەسىردىكى ياۋرو - ئاسىيا خىتايغا تەۋەمۇ؟ <بىر بەلباغ، بىر يول>نىڭ سىياسىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك تەسىرى» (**China's Eurasian Century? Political and Strategic Implications of the Belt and Road Initiative**) دېگەن نادىر كىتابىنىڭ ئاپتورى بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «<بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى> سىياسىي ئۇرۇش قورالىدۇر. ئۇ ھەقىقەتەن ئۇل مۇئەسسەسە

قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەمما، سىز چوقۇم تەشۋىقاتلاردا سىزگە ئېيتىلغان گەپلەر بىلەن بۇ پروجېكتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى پەرقلەندۈرۈۋېلىشىڭىز كېرەك. تەشۋىقاتلاردا <بىر بەلباغ، بىر يول> پەۋقۇلئاددە ئېچىۋېتىلگەن، ھەممىگە قۇچاق ئاچقان، ھەممە تەك مەنپەئەت ئالىدىغان، دۇنيا تەرەققىياتىنى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى، رايوننىڭ گۈللىنىشى ۋەھاكازالارنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىستراتېگىيە، دەپ سۈپەتلەنگەن. لېكىن، رېئاللىق شۇكى، مەزكۇر پىلان تامامەن خىتاينىڭلا مەنپەئەتىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ خىتاينىڭ توسقۇنسىز قەد كۆتۈرۈشىدىن ئىبارەت ئاساسىي مۇددىئا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورالدۇر، خالاس».

دەسلەپتە، شى جىنپىڭ 2013 ـ يىلى «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى»نى ئېلان قىلغاندا، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بۇنىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلمىغان بولسىمۇ، رولاند. شۇ چاغدىلا بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا باشلىغانىدى. ئۇ خىتايچىنى راۋان بىلىدىغان بولغاچقا، ئۆزى تاپالايدىغان ئالاقىدار خىتايچە ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقىپ، ئۆزى «قوش قاتلاملىق تەرجىمە» دەپ ئاتىغان ئىشنى باشلىغان. ئۇنىڭ «قوش قاتلاملىق تەرجىمە» دېگىنى ــــ بىر تەرەپتىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشكارا سورۇنلاردىكى مەزكۇر پروجېكتقا ئالاقىدار سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار قوللانغان ئىبارىلەرنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان ئىستراتېگىيەلىك نىشانلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇش بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يەك ئىچىدە زادى نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. «بۇ ئىشنى قىلىشتا، باشقا بىر تىلنى چۈشىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئاشۇ سۆزلەرنىڭ تېگىدە ياتقان مەنىلەرنىمۇ بىلىشىڭىز كېرەك بولىدۇ» دەيدۇ ئۇ. رولاندنىڭ تەتقىقاتىدا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بۇ ئىشقا قانداق ئىنكاس قايتۇرغانلىقىدىن ئىبارەت يەنە بىر تەرەپىمۇ نەزەردە تۇتۇلۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «خىتاينى قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى يوشۇرىدۇ دېيىشكىمۇ بولمايدۇ، گەپ تاشقى دۇنيادىكى كۆزەتكۈچىلەردە. ئۇلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نېمە دېگەنلىكى ھەققىدە كالا قاتۇرۇشنى ياكى خىتاينىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇددىئاسىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشنى خالىمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاڭقىرىشى تېخىمۇ مۈشكۈللىشىپ كېتىدۇ».

بەزىلەر خىتاينىڭ تەشۋىقاتلىرىدىكى شېرىن ـ شېكەر سۆزلەرنى راست دەپ ئويلىشىۋالىدۇ. مەسىلەن، دۇنيا بانكىسىنىڭ بۇ پروجېكت توغرىسىدىكى باھاسىدا شۇنداق دېيىلگەن: «<بەلباغ ۋە يول پروجېكتى> رايوندىكى ھەمكارلىق ۋە ئالاقىنى قىتئە ھالقىغان كۆلەمدە ئىلگىرى سۈرىدىغان، يۈكسەك نىشانغا ئىگە تىرىشچانلىقتۇر». لېكىن، ماختاشقا تېگىشلىكى، دۇنيا بانكىسى مەزكۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

باياناتىدا «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى»نىڭ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە «مەبلەغ ئۆزۈكچىلىكىدىن مۇھىتقا ۋە جەمئىيەتكە كۆرسىتىدىغان سەلبىي تەسىرىگىچە، نۇرغۇن خەۋپ ـ خەتىرى» بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. لېكىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، مەزكۇر بانكا يەنىلا «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى»گە ئىشتىراك قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا سەكسەن مىليارد دوللار مەبلەغ سالغان.

بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. خىتاي دۆلەت ئىچىدە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ پۇلىغا تايىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنى ياخشىلىۋالغاندىن كېيىن، «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى»گە ئىشتىراك قىلغان دۆلەتلەردىمۇ ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللىنىشنى ۋە بۇنىڭ كۆلىمىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېېكتى»نىڭ چىقىمىنى ب د ت ۋە دۇنيا بانكىسىغا ئوخشاش خەلقئارالىق ئاپپاراتلارنىڭ زىممىسىگە ئارتىشنى ئويلىغان.

رولاند خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى» توغرىسىدا توختالغاندا ئىشلەتكەن سۆز ـ ئىبارىلىرىنى تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى تەھلىللىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۇنى ئېنىق چۈشىنىپ يېتىشكە بولىدۇكى، خىتاي «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى»نى بازارغا سېلىشتا ئىشلەتكەن ئىبارىلەر ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ «دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ دۆلەتكە ۋە ئىگىلىك ھوقۇققا ئېنىقلىما بېرىش جەھەتتىكى ئۇللۇق قىممەت قاراشلىرىنى قايتىدىن شەكىللەندۈرۈش»تىن ئىبارەت مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. رولاندقا كۆرە، خىتاي «ئەمەلىيەتتە دۇنيادا ھازىرقىدىن پەرقلىق قىممەت قاراش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندۇرماقچى».

رولاندنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاينىڭ بۇ «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى»نىڭ ئاساسىي رامكىسى ماركسىزم، لېنىنىزم ۋە خىتاينىڭ ئىمپېرىيالىست ئۆتمۈشىنىڭ يۇغۇرۇلمىسى بولغان، «مىللىي دۆلەت»نىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان ئۇقۇمىدىن مەنبەلەنگەن. يەنى (خىتايدا) سىياسەت بەلگىلەش جەھەتتە، ھەممە نەرسە چوقۇم «دۆلەتكە (خىتايغا) پايدا ئەكېلىش ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش»تىن ئىبارەت ئۇللۇق ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ھېچنەرسە، ھەتتا ئاشۇ دۆلەتنى شەكىللەندۈرگەن (يەنى دۆلەتنىڭ «ھۆجەيرە»لىرى بولمىش) پۇقرالارمۇ، كىشىلىك ھوقۇقمۇ، تەڭرىمۇ، دىنمۇ بۇنىڭچىلىك (يەنى ئاتالمىش «دۆلەت مەنپەئەتى»چىلىك) مۇھىم ئەمەس. بۇ خىل مىللەتچىلىكتە، پارتىيەنىڭ نىزاملىرى ۋە ھوقۇقىدىن باشقا مۇھىم ئىش يوق.

رولاند شۇنداق دەيدۇ: «بۇ (يەنى <بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى> ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىلماقچى بولغان خىتايچە دۇنيا تەرتىپى) بىز ئادەتلەنگەندىن تامامەن پەرقلىق نەرسىدۇر. غەرب

دۆلەتلىرى نەزەرىيە جەھەتتە بولسىمۇ باراۋەر جەمئىيەتلەردۇر. خىتاي تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقان دۇنيا تەرتىپىدە ئۇلار (خىتايلار) ئۆزلىرى پىرامىدانىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە بولىدۇ». خەلق ۋە خىتايغا رەقىبلىك قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسا خىتايغا ئىتائەت قىلىپ، ئېھتىرام بىلدۈرۈشى كېرەك.

رولاند شۇنداق دەيدۇ: «يېقىندا مەن ئوقۇغان بىر ماقالىدە خىتاينىڭ بۇ خىل پوزىتسىيەسى ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، مەزكۇر ماقالىدە تولىمۇ شېئىرىي رەۋىشتە: <مەنچە ھەرقايسى دۆلەتلەر گويا قۇياشقا يۈزلەنگەن ئاپتاپپەرەسلەردەك بولۇشى كېرەك> دېيىلگەن. ئەنە شۇ خىتاينىڭ نەزىرىدىكى ئۆزىنىڭ (خەلقئارالىق سەھنىدىكى) <تېگىشلىك ئورنى> بولۇپ، بۇ يەردىكى <قۇياش> خىتاينى كۆرسىتىدۇ».

لېكىن، 2015 ـ يىلى خىتاي دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ئېلان قىلغان «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى» ھەرىكەت پىلانىدا، «خىتاي» دېگەن ئىبارىنى ئاساسەن ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. مەزكۇر ھۆججەت كىشىگە خاتىرجەملىك، ئىشەنچ، ئۈمىد ئاتا قىلىدىغان، يەرشارىنىڭ ئوتوپىيەچە كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىدىغان، تۆۋەندىكىدەك شېرىن ـ شېكەر ئىبارىلەر بىلەن تولغان:

«بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق بەرپا قىلىش پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق غايىسى ۋە نىشانىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، خەلقئارالىق ھەمكارلىق ۋە يەرشارىنى ئورتاق ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى ئەندىزىسىنى تېپىپ چىقىشتىكى ئىجابىي ئۇرۇنۇشتۇر. شۇنداقلا، ئۇ يەنە دۇنيا تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىغا يېڭى ئاكتىپ ئېنېرگىيە ئاتا قىلىدۇ.

بۇ ھۆججەتنىڭ ئىنتايىن مەسخىرىلىك بىر يېرى شۇكى، گەرچە بۇ ھۆججەتتە خىتاي ئاجايىپ «تىنچلىقپەرۋەر» قىلىپ سۈپەتلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما پەردە ئارقىسىدا، «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى» خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ «چەكلىمىسىز ئۇرۇشى» ئارىسىدىكى ئەڭ ئاغدۇرمىچى تۈرلەردىن بىرىدۇر. مەزكۇر ھۆججەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئابزاسىدا شۇنداق دېيىلگەن:

«<بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى> ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ پىلانلىرى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىپ، <بىر بەلباغ، بىر يول> كېسىپ ئۆتكەن دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەلىرىنى بىردەكلىك ۋە ماسلىششچانلىققا ئىگە قىلىپ، شۇ ئارقىلىق مەزكۇر رايونلارنىڭ يوشۇرۇن بازار كۈچىنى قازىدۇ، مەبلەغ سېلىش ۋە ئىستېمالنى غىدىقلاپ، ئېھتىياج ۋە خىزمەت پۇرسىتى يارىتىدۇ. خەلقلەر ۋە كۈلتۈرلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىيېتى
www.uyghurkitap.com

ئارىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىدۇ، شۇنداقلا مەزكۇر پروجېكتقا ئىشتىراك قىلغان ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولۇپ، ئۆزئارا چۈشىنىش، ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنداقلا، ئىناقلىق، تىنچلىق ۋە گۈللىنىش ئىلكىدە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ».

بۇ گەپلەرگە مۇنداقلا قارىغاندا مەسىلە يوقتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما بۇ پىلاننى بىر قەدەم ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ھەقىقىي غەرەزنى بايقىغىلى بولىدۇ. مەزكۇر پروجېكتقا ئىشتىراك قىلغان 65 دۆلەت بىلەن خىتاينى قوشقاندا، ئۇلار — دۇنيا بانكىسىغا كۆرە — يەرشارى «ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى»نىڭ (GDP) ئوتتۇز پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى، دۇنيا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 62 پىرسەنتىنى، بىلىنگەن ئېنېرگىيە زاپىسىنىڭ 75 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئەڭ يېڭى، ئەڭ توغرا سانلىق مەلۇمات ئەمەس، چۈنكى خىتاي شۇنىڭدىن كېيىن مەزكۇر پروجېكت ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئىشتىراكچىلارنى تېپىۋاتىدۇ. گرېتسىيە بىلەن ئىتالىيەدىن ئىبارەت غەربتىكى ئىقتىسادى ئەڭ ئاجىز ئىككى دۆلەتتىن باشقا، مەزكۇر ئىشتىراكچىلارنىڭ ھەممىسى جۇغراپىيەلىك ئورۇن جەھەتتە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەڭ كۈچلۈك رىقابەتچىلەر دەپ قارىلىۋاتقان، ئامېرىكا، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ھىندىستان، كورىيە، ئاۋستىرالىيە ۋە كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردىن يىراقتۇر.

«ئەگەر <بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى>گە ئىشتىراك قىلغان دۆلەتلەرنىڭ خەرىتىدىكى ئورنىغا قارىسىڭىز، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي زېمىن كۆلىمىنىڭ يەرشارى زېمىنىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بىردەك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان دۆلەتلەر ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. خىتايغا نىسبەتەن، بۇ كەلگۈسى يۈزلىنىشتىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، بۇ كەلگۈسىدە نوپۇسى ئەڭ تېز كۆپىيىدىغان ۋە شۇ سەۋەبلىك، ئەڭ كۆپ ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە شەكىللىنىشى مۇمكىن بولغان رايونلاردۇر. شۇ ۋەجىدىن، خىتاي مەزكۇر بازارلارنى خىتاي ماللىرى بىلەن توشقۇزماقچى ۋە شۇ جايدىكىلەرنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى قولغا چۈشۈرمەكچى. چۈنكى، بۇ (يەنى كىشىلەرنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرى) كەلگۈسى يەن ـ تېخنىكىدىكى ئەڭ ھالقىلىق ئامىلدۇر. شۇڭا، خىتاينىڭ تۆمۈر يولغا بۇنچىۋالا ئەھمىيەت بېرىشى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ قالاقلىقىدىن ئەمەس. ئۇلار بۇ جەھەتتە كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتقان. ھەممەيلەن خىتاينىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا ۋە قاتناش مۇئەسسەسەلىرىگە كۆچەۋاتقانلىقىغا كىرىشىپ قالدى ـ يۇ، لېكىن خىتاي ئەكەلگەن <چوڭ بېرىگ ۋە يەن ـ تېخنىكا>دىن ئىبارەت بىر پۈتۈن كاتېگورىيەنى نەزەردىن ساقىت قىلدى. مېنى ئەڭ

تەشۋىشلەندۈرىدىغىنى، <بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى>نىڭ مەۋھۇم (رەقەملىك) تەرىپىدۇر. ماڭا نىسبەتەن، بۇ (يەنى خىتاينىڭ كونتروللۇقىدىكى پەن ـ تېخنىكا، ئۇچۇر مۇئەسسەسەلىرى، تۆمۈر يول قاتارلىق) ماددىي باغلىنىشلاردىن كۆپ مۇھىمدۇر» دەيدۇ رولاند.

سانلىق مەلۇمات ۋە تېخنىكا (ھەرقايسى ھاكىمىيەتلەرنى) يۇقىرالارنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق ۋە ئۈنۈمدار مۇستەبىتلىك قورالى بىلەن تەمىنلىدى. سانلىق مەلۇماتلار سىزنىڭ ھەركۈنى نېمە دەۋاتقانلىقىڭىزنى، نېمە ئوقۇۋاتقانلىقىڭىزنى، نېمە كۆرۈۋاتقانلىقىڭىزنى، نېمە سېتىۋالغانلىقىڭىزنى، قەيەرگە بارغانلىقىڭىزنى، شۇ يەردە قانچىلىك تۇرغانلىقىڭىزنى ۋە كىملەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىڭىزنى ئوپئوچۇق كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. سانلىق مەلۇماتلارغا تايىنىپ سودا قىلىشقا، مەھسۇلاتلارنىڭ تەشۋىقاتىنى قىلىشقا بولىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنى يەنە جامائەت پىكرىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەتكىلىمۇ بولىدۇ. شۇنداقلا، رولاندنىڭ كۆرسەتكىنىدەك، خىتاي بۇ ئارقىلىق بازارنى ئالاقىدار مەھسۇلاتلار بىلەن تولدۇرۇپ، ئاندىن سىزگە تەسىر قىلىپ، شۇ مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىشىڭىزغا تۈرتكە بولالايدۇ. لېكىن، سانلىق مەلۇماتلار نوقۇل ھالدا نىشانلاش ۋە تەسىر كۆرسىتىشكىلا ياراپ قالماستىن، ئۇنى يەنە كىشىلەرنى جىمىقتۇرۇشقىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. سانلىق مەلۇمات تەھلىلى ئارقىلىق دۆلەت تەرىپىدىن «ناچار ئۇنسۇر» دەپ قارالغان كىشىلەرنى پەرقلەندۈرگىلى، تېخنىكا ئارقىلىق ئۇلارنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ. ئەنە شۇ «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى»نىڭ ھەقىقىي غەرىزىدۇر. ئۇ (خىتاي تەشۋىقاتلىرىدىكىدەك) نوقۇل ھالدا «تاۋارلارنىڭ ئەركىن ئالماشتۇرۇلۇشى ۋە تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى»گىلا ئالاقىدار مەسىلە ئەمەس. بۇ پەقەت بىر يەمچۈك. ئەمما، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى رەزىل نىيەت شۇكى، «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى» يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان (تاۋارلارنىڭ ئەركىن ئالماشتۇرۇلۇشى ۋە تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى دېگەندەك) ئەۋزەللىكلەرنى ئېلىپ كېلىشتىن سىرت، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىدىيىۋى ھەرىكەتلەرنى ۋە ئىدىيە ئەركىنلىكىنى چەكلەش، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ نوپۇزىغا بولغان ھەرقانداق قارشىلىقنى يوقىتىش ئۈرۈنۈشىدۇر.

رولاندقا كۆرە، «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى» تەشۋىقاتلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خىتاي ئۆز دىپلوماتلىرىنىڭ چەتئەلدە خىتاي سىياسەتلىرىنى پەردازلاپ كۆرسىتىش ئۇسۇلىنى «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى»نىڭ ئېلان قىلىنغان لايىھەسىدىمۇ قوللىنىپ، باشقىلارنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۈرۈنغان. «خىتاي <بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى>نى ب د ت نىڭ ھۆججىتىگە كىرگۈزگەن، بۇ ئېنىقلا <ئۆپكە كۆرسىتىپ، قۇيرۇق سېتىش>تۇر. ھازىر <بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى>نىڭ ب د ت نىڭ قارارنامىلىرىدىن ئورۇن

ئېلىشى ئاجايىپ بىر ئىش. <ختاينىڭ قانداق تىل ئىشلىتىشى> نۇرغۇن كىشىلەر دىققەت قىلالمايۋاتقان بىر مەسىلە. ئەگەر ختاي ئۆزىنىڭ گېپىنى ب د ت نىڭ ھۆججەتلىرىگە ياكى قارارنامىلىرىگە كىرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولسا، بۇ مەزكۇر پروجېكتىنىڭ يۇقىرى قاتلاملىق <قانۇنىيلىق>قا ئېرىشكەنلىكىدىن ۋە ختاينىڭ شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۆز غەرىزىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ».

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ختاي ھۆكۈمىتى جەنۇبىي ئامېرىكانىمۇ «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى»نىڭ كەلگۈسى ھەمكارلىق تىزىملىكىگە كىرگۈزدى. ختاي ھۆكۈمىتى ئالىلىقاچان دۇنيا سودىسىدىكى ئەڭ مۇھىم تۈگۈنلەرنىڭ بىرى بولغان، شۇنداقلا ئۆز ۋاقتىدا تىنچ ئوكياندىن ئاتلانتىك ئوكيانغا ئۆتىدىغان مۇساپىنى قىسقارتىش ئۈچۈن ئامېرىكا تەرىپىدىن ياسالغان پاناما قانىلىنى، شۇنداقلا قانالنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پورتنى قولغا كىرگۈزۈپ بولدى.

«بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى»دە، دېڭىز ترانسپورتى ۋە پورت قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىشىنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك سەۋەبلىرى بار. ھازىر ختاينىڭ يەتتە مىڭغا يېقىن سودا پاراخوتى بار، ئامېرىكانىڭ بولسا ئارانلا 300 سودا پاراخوتى بار. ختاي سودا پاراخوتلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئاساسىي كۈچ ـــ دەرىجىدىن تاشقىرى پاناما تىپلىق (Super ـ Panamax) پاراخوتلار بولۇپ، بۇلار ختاي ئۆزىنىڭ ئىمپورت ساھەسىدە تايىنىدىغان چوڭ تىپتىكى دېڭىز ترانسپورت قوراللىرىدۇر. ختاي ياساۋاتقان پورتلار دەل دەرىجىدىن تاشقىرى پاناما تىپلىق پاراخوتلارنىڭ تېز سۈرئەتتە توختىشى ۋە مال چۈشۈرەلىشى ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان. ئۇلارنىڭ مال چۈشۈرۈش سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى ئامېرىكا پورتلىرىدىكى مال چۈشۈرۈش ئىشچىلىرىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرالايدۇ. ئەشيا ئوبوروتى ۋە ئۈنۈمچانلىق ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھېسابلىشىچە، نەچچە مىليون توننىلىق يۈك پاراخوتلىرىدىن يۈك چۈشۈرۈش ۋە ئۇلارغا يۈك بېسىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرسىلا، پاراخوتلارنىڭ مال يەتكۈزۈش ۋاقتىنى تەڭدە تەڭ قىسقارتقىلى بولىدىكەن. ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىدىكى بۇ ئېشىش پاراخوتنىڭ كۆتۈرۈشچانلىقى (تونناژى)دىكى ئېشىشقا ۋە شۇ ئارقىلىق دارامەتنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. لېكىن، مەزكۇر كىتابنىڭ ئالدىنقى بابلىرىدىمۇ قەيت قىلىنغىنىدەك، بۇ سودا پورتلىرى بىر كۈنلەردە، ختاي دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئۇرۇش بازىسى سۈپىتىدىمۇ ئىشلىتىلىشى مۇمكىن.

2018 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ختاي ھۆكۈمىتى سالۋادور ھۆكۈمىتى بىلەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. ختاينىڭ دۆلەت كومىسسارى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى (王毅) بىلەن سالۋادور تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كارلوس كاستانېدا (Carlos Castaneda) تەرىپىدىن ئىمزالانغان باياناتتا، سالۋادورنىڭ تەيۋەن بىلەن بولغان

مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە قوشۇلغانلىقى بىلدۈرۈلدى. ۋاڭ يى يەنە سالۋادورنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى»گە ئىشتىراك قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ بايانات ئېلان قىلدى. خىتاي بىلەن بۇ خىل «يارىشىش مېموراندۇمى» (Memorandum of understanding) ئىمزالاشقان دۆلەتلەردىن يەنە ۋېنزۇئېلا، بولىۋىيا ۋە ئېكۋاتور قاتارلىقلار بار.

گەرچە، ئامېرىكانىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى»گە ئىشتىراك قىلمايدىغانلىقى تولىمۇ روشەن بولسىمۇ، خىتاي كارخانىلىرى ئامېرىكانىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنى تىزگىنلەش ۋە ۋەيران قىلىش جەھەتتە تولىمۇ يامان ئەلپازدا ھەرىكەت قىلماقتا.

ئامېرىكادا تىجارەت قىلىۋاتقان خىتاي ياسىمىچى. شىركەتلىرىمۇ دۆلەتىمىزنىڭ ئەسلىدىنلا ئاجىزلىشىپ قالغان تۆمۈر يول ياسىمىچىلىقى ساھەسىنى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش ئۈچۈن، ئەرزان باھالىق پويىزلارنى تۆكمە قىلىپ ساتماقتا. خىتاينىڭ بۇ تاكتىكىسى كىشىنى تەشۋىشلەندۈرگۈدەك دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. جوڭچې پاي چەكلىك شىركىتى (中国中车股份有限公司) خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىسى بولۇپ، مەزكۇر شىركەت بوستون، چىكاگو، فىلادېلفىيە ۋە لوس ئانجېلىس قاتارلىق جايلارنىڭ ترانسپورتقا مەسئۇل تارماقلىرى بىلەن، گاھىدا رەقىبىنىڭكىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلىدىغان باھادا توختام ئىمزالاشقان. بۇ شەھەرلەرگە سېتىلغان پويىزلارنىڭ ھەممىسى رەقەملىك تېخنىكا ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان بولغاچقا، شۇ پويىزلارنى ساتقان جوڭچې پاي چەكلىك شىركىتى شەھەر دەرىجىلىك بىخەتەرلىك ئۈچۈرلىرىغا ئېرىشىش، شۇنداقلا خەلقىمىز ۋە شەھەرلىرىمىز تايىنىدىغان ئۇل مۇئەسسەسەنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسىنى تىزگىنلەش جەھەتتە، كۆپ خىل ئىمكانىيەتلەرگە ئېرىشكەن.

ھالبۇكى، بىر قىسىم دۆلەتلەر «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى»دىن چېكىنىپ چىقىشقا باشلىدى. خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قىلغان مۇئامىلىسى ئەسلىدە بۇ پروجېكتقا ئىشتىراك قىلىشنى ئويلىغان، زور ساندىكى مۇسۇلمان نوپۇسىغا ئىگە نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن ئارىلىق ساقلىشىغا سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىرىلانكا ۋە ھامبانتوتا پورتىدا يۈز بەرگەن ئىشلار ـــ خىتاي بىلەن ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى كېلىشىمى ئىمزالىشىشنىڭ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقىنى ۋە ئاخىردا ئىگىلىك ھوقۇقىنى خىتايغا رەنىگە قويغانلىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئوبيېكتىپ تەجرىبە ـ ساۋاقتۇر.

## «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى»نى پەسكويغا چۈشۈرۈش

ئەگەر بۇ بابتا كۆپچىلىك ئېسىدە تۇتۇۋېلىشقا تېگىشلىك بىرەر جۈملە بار دېيىلسە، ئۇ نادېج رولاندنىڭ «<بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى> سىياسىي ئۇرۇش قورالىدۇر» دېگەن سۆزىدۇر.

بۇ جۈملە ئىنتايىن مۇھىم. «بىر بەلباغ، بىر يول پروجېكتى» خىتاينىڭ دۇنيانىڭ گېئوپولىتىكا سەھنىسىدىكى قورشاۋ شاھمات ئويۇنىدۇر. خىتايدا تولىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان قورشاۋ شاھمات ئويۇنىدا، ھەر ئىككى تەرەپ ئىستراتېگىيەدىن پايدىلىنىپ، شاھمات تاختىسىدىكى يەرلەرنى شاھمات ئۇرۇقلىرى بىلەن قورشايدۇ. قايسى تەرەپنىڭ چېكىنىش يولى رەقىبى تەرىپىدىن ئۈزۈپ تاشلانسا، شۇ تەرەپ ئۇتتۇرغان بولىدۇ. ئىككى تەرەپ كىمنىڭ تېخىمۇ كۆپ يەر ئىگىلەپ، قارشى تەرەپنىڭ شاھمات ئۇرۇقلىرىنى تېخىمۇ كۆپ قولغا چۈشۈرگەنلىكىدە بەسلىشىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىر دۇنيانىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا سىڭىپ كىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. خىتاي بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق مەلۇم دەرىجىدە رەقىبلىرىنى قورشاۋغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇلارنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمەس قىلىپ قويالايدۇ.

# ئونىنچى باب:
# خىتايغا قارشى تەدبىر — خىتاينىڭ مەخپىي ئۇرۇشىغا قانداق تاقابىل تۇرىمىز ۋە ئۇنى قانداق توختىتىمىز؟

ئىقتىسادىي ئۇرۇش ۋە پۇل مۇئامىلە ئۇرۇشى ئامېرىكاغا ئانچە ناتونۇش ئەمەس. چۈنكى، ئۆتمۈشتە بىزمۇ بۇ ئىشنى قىلىپ باققان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە شەرق لاگېرىنىڭ يىمىرىلىشىغا، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى پىلانلىغان، كىشىلەرگە كەمدىن كەم بىلىنگەن، ئەمما پەۋقۇلئاددە مۇھىم بىر قاتار ھەرىكەتلەر زور دەرىجىدە سەۋەب بولغان. مەزكۇر ھەرىكەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي گەۋدىسىنى ۋەيران قىلىپ، شۇ ئارقىلىق موسكۋادىكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى تەختتىن غۇلىتىش ئۈچۈن ئالاھىدە پىلانلانغان.

ئەينى چاغدا مەزكۇر پىلاننى تۈزۈشكە قاتناشقان كىشىلەرنىڭ بىرى، «خىتاي قاتناش قۇرۇلۇشى شىركىتى»نىڭ (中国交通建设公司) خوڭكوڭ ئاكسىيە بازىرىغا كىرىشىنى توسۇپ قويغان روجېر روبىنسوندۇر (Roger Robinson). روجېر كەسپىي ھاياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، «چېيس مانخاتتان بانكىسى» (Chase Manhattan Bank) خەلقئارالىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ئىدى. ئۇ 1970 ـ يىللاردا مەزكۇر بانكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە يۇگوسلاۋىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئەينى چاغدا ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىبىرىيەنى كېسىپ ئۆتىدىغان نېفىت تۇرۇبىسى لىنىيەسى ياساۋاتقانلىقى توغرىسىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. بۇ ماقالە مەزكۇر نېفىت تۇرۇبىسى لىنىيەسىنىڭ تاماملىنىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن قانداق تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا غەرب دۆلەتلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلغانىدى. روبىنسون شۇ سەۋەبلىك يەنە ئەينى چاغدا پرېزىدېنت رېگاننىڭ قاتتىق ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن يېقىن مەسلىھەتچىسى ۋىليام بىل كلارك (William (Bill) Clark) ۋە شۇ ۋاقىتتىكى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى كەسپېر ۋېينبېرگېرنىڭ (Caspar Weinberger) دىققىتىنى تارتقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com

روبىنسون ئۆزىنىڭ ماقالىسىدە، مەزكۇر نېفىت تورۇبىسى لىنىيەسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، نېفىت تەمىنلەشكە باشلىغان هامان، غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يەتمىش پىرسەنت ئېنېرگىيە ئېھتىياجىنى قامدىيالايدىغانلىقىنى ۋە بۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورۇقدىلىپ قىلىۋاتقان دۆلەت خەزىنىسىگە قايتىدىن پۇل كىرىشكە باشلايدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. ھالبۇكى، شۇنىڭدىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستاندا ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالغان، ئامېرىكا بىلەن كەڭ كۆلەملىك قورال ـ ياراغ مۇسابىقىسىگە چۈشكەن، شۇنداقلا پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتە غەربتىكى دۆلەتلەر بىلەن بەسلىشىۋاتقان بولغاچقا، دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالغانىدى. ئۇ يەنە مەزكۇر نېفىت تورۇبىسى لىنىيەسىنىڭ غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنى شەرق لاگېرىغا تېخىمۇ تايانغۇرۇپ قويىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ ئەسكەرتكەن. روبىنسون مەزكۇر ماقالىسى سەۋەبلىك ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىغا قاتنىششقا تەكلىپ قىلىنغان ۋە بۇ يەردە كلارك، ۋېينبېرگېر ۋە CIA نىڭ باشلىقى ۋىليام كەسېينىڭ (William Casey) قوللىشى ئاستىدا، مەزكۇر نېفىت تورۇبىسى لىنىيەسىنى توختىتىپلا قالماستىن، سوۋېت ئىقتىسادىنى ۋەيران قىلىدىغان كۆپ تەرەپلىك ھۇجۇم پىلانىنى تۈزۈپ چىققان.

روبىنسون شۇنداق دەيدۇ: «ئىقتىساد ۋە پۇل مۇئامىلە تەرەپتىن قول سېلىنغان مەزكۇر ھۇجۇم پىلانىنى ئامېرىكادا تەخمىنەن 12 كىشىلا بىلەتتى. مەزكۇر پىلان سىبىرىيەنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئىككىنچى نېفىت تورۇبىسى لىنىيەسىنىڭ ياسىلىشىنى توسۇپلا قالماستىن، بىرىنچى تورۇبا لىنىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشىنىمۇ ئۈچ يىل كېچىكتۈرۈۋېتىشنى، موسكۋانى ھۆكۈمەت قەرزىگە ۋە خۇسۇسىي قەرزلەرگە ئېرىشەلمەس قىلىۋېتىشنى مەقسەت قىلغانىدى».

بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، CIA فىرانسىيە ئىستىخبارات تەشكىلاتىنىڭ ياردىمى بىلەن، ك گ ب قولىغا كىرگۈزۈشنى ئويلاۋاتقان ئامېرىكا تېخنىكىلىرىنىڭ تىزىملىكىگە ئېرىشكەن. ك گ ب نىڭ ئەڭ بەك ئىنتىلىۋاتقىنى ـــ سىبىرىيەدىكى نېفىت تورۇبىسى لىنىيەسىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ۋە ئاسراشتا ئىشلىتىلىدىغان كونترول سىستېمىسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ يەنە بىر ئەزاسى، دوكتور گاس ۋېيس (D. Gus Weiss) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ»، ئۇلارغا كونترول سىستېمىسى سېتىپ بېرىش، ئەمما سېتىپ بەرگەن ئەسلىھەلەرگە يامان غەرەزلىك تروي يۇمشاق دېتالى (Trojan horse malware) قاچىلاش تەكلىپىنى بەرگەن. مەزكۇر يۇمشاق دېتال دەسلەپتە كاشىلا تۇغدۇرمايتتى، ئەمما ئاخىرىغا بارغاندا ۋەيران قىلغۇچ كود (destructive code) تارقىتاتتى. ئەھۋال دەرۋەقە شۇنداق بولدى: سوۋېت ئىتتىپاقىغا سېتىپ بېرىلگەن مەزكۇر سىستېما ئاخىرى ئېچىدىن پارتلاپ، «تارىختىكى يادرو پارتلىشىدىن باشقا،

ئالەم بوشلۇقىدىن كۆرگىلى بولىدىغان بىردىنبىر زور كۆلەملىك پارتلاش ۋە ئوت ئاپىتى»نى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنى ئامېرىكىنىڭ سابىق ھاۋا ئارمىيە مىنىستىرى، شۇنداقلا رىگان ۋە كىلاركنىڭ مەسلىھەتچىسى توماس رىد (Thomas C. Reed) ئۆزىنىڭ «ھاڭ ئاغزىدا» (At the Abyss) دېگەن كىتابىدا ئاشكارىلىغان. ئۇ يەنە ئامېرىكىنىڭ بىر قانچە سۈنئىي ھەمراھىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدا تۇرۇپ مەزكۇر پارتلاشنى بايقىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

بۇنىڭدىن سىرت، رىگان ھۆكۈمىتى يەنە نۇرغۇن جەھەتلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىغا زەربە بەرگەن بولۇپ، روبىنسون بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ: «سەئۇدىي ئەرەبىستان بىلەنمۇ ئىككى مىليون تۇڭ نېفت ئىشلەپچىقىرىش ۋە دۆلەت ئىچىدىكى نېفت باھاسى چەكلىمىسىنى بىكار قىلىپ، بىر تۇڭ نېفتنىڭ باھاسىنى ئون ئامېرىكا دوللىرىغا چۈشۈرۈش توغرىسىدا بىر مەخپىي كېلىشىم ئىمزالانغانىدى». دەرۋەقە، شۇ سەۋەبلىك نېفت باھاسى 1980 ـ يىلىدىكى بىر تۇڭى 37.42 دوللار (پۇل پاخاللىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۈگۈنكى 114 دوللارغا باراۋەر) لىق باھادىن ئاشۇنداق تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشۈپ قالغان. نەتىجىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق كۆچلۈك پۇل (hard currency) مەنبەلىرىدىن بىرى شۇ رەۋىشتە قۇرۇتۇۋېتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، روبىنسون ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق زايومى (Sovereign Bond) تارقىتىشىغا يول قويىدىغان ھەرقانداق پىلانغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، رەقىبىنى زۆرۈر مەبلەغكە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىدىنمۇ مەھرۇم قىلغان.

«ئەينى ۋاقىتتا بۇ پرېزىدېنت رىگاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى پارچىلاشتىكى كۆپ تەرەپلىك ئىستراتېگىيەسىنىڭ كىشىلەرگە ئەڭ بىلىنمىگەن بىر تۈرى ئىدى. رىگاننىڭ مەزكۇر كۆپ تەرەپلىك ئىستراتېگىيەسى يەنە <ئىستراتېگىيەلىك قوغدىنىش پىلانى>، چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش، جىن كىركپاترىكنىڭ (Jeane Kirkpatrick) يېتەكچىلىكىدە، ب د ت دا ئېلىپ بېرىلغان ئىدىيەۋى ئۇرۇش ۋە كەپ ۋېينبېرگېرنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى زور كۆلەملىك مۇداپىئە قوراللىرى ھازىرلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇنىڭدىن سىرت، بىز يەنە ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۇتىغا چۈشكەندۇق. بۇ جەھەتتە بىل كەيسىي (Bill Casey) (ئافغانىستاندىكى) مۇجاھىدلارنى «نەشتەر» (Stinger) تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار بىلەن تەمىنلىگەن، شۇنداقلا نىكاراگۇئا پورتىغا مىنا كۆمۈلگەنىدى».

شۇنىڭ بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى قەرزگە جىددىي موھتاج بولغان، ئەمما قەرز ئالالمىغانلىقى سەۋەبلىك، ئىقتىسادى چېكىنىپ، خەلقئارادا يېڭى تېخنىكا ساھەسىدە رىقابەتلىشىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولغان. بۇنىڭدىن سىرت، بەك كۆپ جايدا ئۇرۇش قىلغانلىقتىن، سوۋېت

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقى ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ساقلاش قىلىشتىنمۇ ئاجىز كەلگەن. 1991 ـ يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆچلۈك پۇل قەرزىنىڭ سوممىسى 96 مىليارد دوللارغا يەتكەن. شۇنىڭدىن ئىككى كۈن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغان.

روبىنسون ئۆزى غۇلىتىشقا كۆچ چىقارغان ھاكىمىيەت (سوۋېت ئىتتىپاقى)كە سېلىشتۇرغاندا، خىتاينى تامامەن پەرقلىق بىر دۆلەت دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئۇمۇ خىتاينىڭ ئەمەلىي كۈچىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان باشقا مۇتەخەسسىسلەرگە ئوخشاشلا، خىتايدىن ئىبارەت دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىنىڭ ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «خىتاينىڭ غايەت زور ئاجىز نۇقتىلىرى بار. بولۇپمۇ خىتاي ئۆز ئىقتىسادىنىڭ رېئال بولمىغان شىددەتلىك سۈرئەتتە ئېشىشىغا موھتاج. ئەمما، خىتاينىڭ مۇستەبىت ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ئۇ كۈتكەن ئېشىش سۈرئىتىنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ. چۈنكى، ئىقتىساد تېز سۈرئەتتە ئاشسا، ئۇنى يېڭى قەرزلەر ئارقىلىق غىدىقلاشقا توغرا كېلىدۇ، دۆلەت چوقۇم مەبلەغ ئاجرىتىپ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنى بەرپا قىلمىسا بولمايدۇ، شۇنداقلا ئىشسىزلىقنىڭ ئەدەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئەھمىيەتسىز خىزمەت پۇرسەتلىرىنى يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇستەبىت ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ تىزگىنلەش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن ئىشلار بولۇپ، (بۇ خىل ئەھۋالدا) خىتاي چېكىنىشنى ئويلىسىمۇ چېكىنەلمەيدۇ ـ دە، نەتىجىدە ناچار ئايلىنىش شەكىللىنىدۇ. چۈنكى، بۇ خىل ناچار ئايلىنىشنى مەجبۇرىي توختىتىشقا ئۇرۇنغان تەقدىردە، مەيلى قانچىلىك ئېھتىيات قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ مۇقەررەر ھالدا ئېشىش سۈرئىتىگە ۋەيران قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ».

«ئاخىرىغا بارغاندا، خىتاينىڭ سايە بانكىچىلىق ئۇسۇلى (shadow banking — ئەنئەنىۋى سودا بانكىلىرىنىڭكىگە ئوخشاش پۇل مۇئامىلە مۇلازىمەتلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان، ئەمما بانكىلارغا ئوخشاش بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلمىسىمۇ بولىدىغان، بانكىلاردىن باشقا ۋاستىچى ئاپپاراتلارنىڭ پۇل مۇئامىلە قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ، ت)، بازارنى تىزگىنلىشى، كۆپلەپ پۇل ۋە زايوم چېكى بېسىشى قاتارلىق قانۇنسىز قىلمىشلىرىنىڭ ھېچقايسىسى سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. يەنە كېلىپ، ناچار ئامانەت قەرز ۋە قەرز قۇرۇلمىسى ئاللىقاچان GDP نىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغان سەۋىيىگە چىقتى. بۇ ھالەتنى داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇلار بۇ نىسبەتنى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇلار كۆز ئالدىدىكى بۇ مەسىلىنىڭ چوڭ ئاپەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىنلىكىنى بىلىدۇ، لېكىن ئۇلار بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن ئاجىز كەلمەكتە» دەيدۇ روبىنسون.

ئەنە شۇ سەۋەبتىن، روبىنسون پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر ختاي كومپارتىيەسىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بۇنى نەزەردە تۇتقاندا، ئامېرىكا چوقۇم ختاينىڭ يەرشارىنى كونترول قىلىش ئۈرۈنۈشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئىستراتېگىيەنى يولغا قويۇشى كېرەك. بۇ جەھەتتىكى ھەرىكەتلىرىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىنى غۇلىتىش جەريانىدىكىدەك دراماتىك بولمىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما، چوقۇم پۈتۈن زېھىن مەركەزلەشتۈرۈلگەن، تىنىمسىز ۋە جىددىي بولۇشى كېرەك.

بىز ئادىل سودىنىڭ ھەقىقىي ئادىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ختاينى خەلقئارا سودا قانۇنلىرىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىشىمىز كېرەك.

بىز ۋال كوچىسى ۋە تىجارەت ساھەسىنىڭ يولباشچىلىرىنى ختاي سودا تەلىپى ۋە ھېسابات قائىدىسىگە ئۇيغۇنلاشمىغۇچە، ختايغا مەبلەغ سېلىشنى توختىتىشىش جەھەتتە تەربىيەلىشىمىز ۋە شۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

بىز ئامېرىكاغا ـــ ئۇل ئەسلىھەلىرىمىزگە، ياسىمىچىلىق ساھەيىمىزگە، تەتقىق قىلىپ ئىچىش ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتىشكە مەبلەغ سېلىشىمىز كېرەك.

بىز 5G نىڭ ۋە ئامېرىكادىكى بارلىق سانلىق مەلۇماتلارنىڭ قوغدىلىشىغا ۋە بىخەتەر بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

بىز رەقەملىك دەۋردىكى ئۇرۇش رېئاللىقىنىڭ خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئامېرىكا ئارمىيەسىنى قايتا تەشكىللىشىمىز، بۇ جەھەتتە قايتا تەپەككۇر قىلىشىمىز ۋە مەزكۇر ساھەگە قايتىدىن ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

بۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە، رەھبەرلىرىمىز ئۆتكەن قىرىق يىلدا باشقىلار قىلالمىغان بىر ئىشنى قىلىشى، يەنى چوقۇم (ختايغا قارىتا) كەسكىن پوزىتسىيە بىلدۈرۈشى كېرەك.

## قىزىل سىزىق

ختاي ھەر كۈنى خەلىمۇ خىل ئۇسۇللار بىلەن ئىقتىسادىمىزغا ھۇجۇم قىلىدۇ. لېكىن، بىز بۇ ھەقتىكى (قەتئىي ئۆتۈشكە بولمايدىغان) «قىزىل سىزىق»نىمىزنى ئوتتۇرىغا قويالمىدۇق. بىز خاككېرلىق ھۇجۇمىغا ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقان ۋە شۇ ئارقىلىق ئەقلىي مۈلۈكلىرى (ختاي تەرىپىدىن) ئوغرىلىنىۋاتقان كارخانىلىرىمىزنى قوللىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىرەر ختاي شىركىتىنىڭ ئوغرىلانغان

ئەقلىي مۈلۈكلەرنى ئىشلىتىۋاتقانلىقى بايقالسا، خىتاي چوقۇم تاموژنا بېجى، جەرىمانە ۋە چەكلىمە قاتارلىق جازالارغا تارتىلىشى كېرەك. ئەگەر خىتاي خاككېرلىرى (ئامېرىكا) ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ياكى خۇسۇسىي شىركەتلەرگە ھۇجۇم قىلسا، بىز چوقۇم خىتاينىڭ شۇنىڭغا ماس دەرىجىدىكى ئورگانلىرى ياكى سودا تارماقلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان جازانى تەييار قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر تۆۋتېر خىتايدا چەكلەنگەن بولۇشىغا قارىماستىن، تەپرىقىچىلىك تېرىيدىغان، سايلامغا ئارىلىشىدىغان ۋە پسىخولوگىيىلىك ئۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەسىردار خىتايلارنىڭ قورشاۋىدا قالسا، تۆۋتېرنىڭ خىتايچە ۋارىيانتى بولمىش «ئۈندىدار»نىڭ ئامېرىكادا تىجارەت قىلىشى چەكلىنىشى كېرەك.

كەسكىن مەيدان بىلدۈرۈش خىتاي تەھدىتىنىڭ پۈتكۈل دائىرىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك بىر تەرەپ قىلىدىغان كۆپ تەرەپلىك پروگراممىنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەگەر خىتاي دەرھال ئۆزىنى ئىسلاھ قىلمىسا ـــ راستىنى ئېيتقاندا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ چەكلىمىسىز ئۇرۇشتىن ۋاز كېچىپ، قائىدىلەرگە بويسۇنۇش ئېھتىماللىقى يوقنىڭ ئورنىدا ـــ بۇ سىياسەتلەر چوقۇم ئىجرا قىلىنىشى كېرەك.

خىتاي ئادەتتە پۇل مۇئامىلىسىنى يەمچۈك قىلىدۇ. غەربمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك. خىتاي شىركەتلەرنىڭ بازارغا كىرىشىگە ئىجازەت بېرىش ياكى نەق پۇل بىلەن تەمىنلەشكە ۋەدە بەرگەن بولسا ـــ بۇ خىتاي كومپارتىيەسى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۇسۇلدۇر ـــ غەربمۇ چوقۇم «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» قىلىپ، خىتاينى چەكلىمىسىز ئۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى توختىتىشقا مەجبۇرلىشى كېرەك. بۇ خىتاينىڭ كاپىتال ۋە كرېدىت بازىرىغا كىرىشىنى رەت قىلىشنى، شۇنداقلا ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىنغان ھېسابات قائىدىسىگە بويسۇنمىغان ياكى (چەتئەل شىركەتلىرىنى) تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇرلىغان، ۋەياكى ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىغان دەپ گۇمان قىلىنغان خىتاي شىركەتلىرىگە جازا يۈرگۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئەركىن سودا قائىدىلىرى كۈچەيتىلىپ، ئاساسسىز ۋە كۆپىنچە ھاللاردا ئويدۇرما مۆلچەرلەرنى ئاساس قىلغان ئاسان پايدا ئېلىش تەلپۈنۈشىگە چەك قويۇلۇشى كېرەك. مۇشۇنداق مېخانىزملار بەرپا قىلىنسا، ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ خىتايغا مەبلەغ سېلىشىنى زور دەرىجىدە چەكلىگىلى بولىدۇ. ئامېرىكا ئاكسىيە ـ ئالماشتۇرۇش كومىتېتى چوقۇم بۇ تەدبىرلەرنى قوللىنالايدۇ ھەم قوللىنىشى كېرەك.

ھەرقانداق خىتاي شىركىتى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا خىتاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ تاپاۋىتى ۋە بازار قىممىتى پەقەتلا مۆجمەل بىر ئۇقۇم، خالاس. سايە بانكا خىتايدا

مەۋجۇت رېئاللىق سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندۇ. خىتايدا، خىتاي كومپارتىيەسى ۋە خىتاي بانكىسى ئۆزى خالىغان شىركەتلەرنى قوللاپ، خالىغان شىركەتلەرنى قاقسەنەم قىلىپ قويالايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال سەۋەبلىك، خىتاينىڭ دۆلەت ئىچىدىكى شىركەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بالانس جەدۋىلىدە ئېغىر مەسىلە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بازار قىممىتىنى توغرا مۆلچەرلەش بەسىي مۈشكۈل. ئەمما سىز خىتاينىڭ «پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ھېساباتىنى نازارەت قىلىش ھەيئىتى»دىن (PCAOB) ئىبارەت مالىيە بوغالتىرلىقىنىڭ ھەممىباب ئۆلچىمىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئورگاننىڭ ئامېرىكا ئاكسىيە بازىرىدا پېيى بازارغا سېلىنغان 224 خىتاي شىركىتىنىڭ باش ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىرىنىڭ ھېسابات دەپتىرىنى تەكشۈرۈشكە يول قويمايدىغانلىقىنى بىلسىڭىزلا، بۇنىڭ (يەنى خىتاي شىركەتلىرىنىڭ بازار قىممىتىنى ھېسابلاشنىڭ) مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيسىز. لېكىن، «كومپىلايىنس ھەپتىلىكى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، مەزكۇر خىتاي شىركەتلىرىنىڭ ئومۇمىي بازار قىممىتى 2018 ـ يىلى 1.8 تىرىلىيون دوللارغا يەتكەن.

«ئامېرىكا ئاكسىيە ـ ئالماشتۇرۇش كومىتېتى» ۋە «پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ھېساباتىنى نازارەت قىلىش ھەيئىتى» 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ مەسىلىگە دىققىتىنى ئاغدۇرۇشقا باشلىغان ۋە بىرلەشمە باياناتىنى ئېلان قىلىپ، «ئەگەر بۇ خىل ئۇچۇر قامالى داۋاملىشىۋەرسە، پېيى ئامېرىكا ئاكسىيە بازىرىغا سېلىنغان شىركەتلەرگە قارىتا تۈزىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىش زۆرۈر ياكى مۇۋاپىق بولىدۇ» دېگەن.

«ئامېرىكا ئاكسىيە ـ ئالماشتۇرۇش كومىتېتى» مەلۇم بىر شىركەتنىڭ بازار قىممىتىنى ھېسابلاشتا، ئۇنىڭ مۈلۈكلىرىنى مۇنداق ئۈچ دەرىجىگە ئايرىيدۇ. بىرىنچى دەرىجە نەق پۇل ۋە جانلىق بازاردىكى نەق پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغىلى بولىدىغان قىسقا مۇددەتلىك مەبلەغنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى دەرىجە سېلىنغان مەبلەغنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈچىنچى دەرىجە، بايقىغىلى بولمايدىغان مەبلەغ مۈلۈكلىرىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى، بۇ خىل ئەھۋالدا خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقتىكى شىركەتلەرنىڭ، سايە بانكىچىلىقتا تايىنىدىغان شىركەتلەرنىڭ، رەنگە ئالاقدار بەزى مۈلۈكلەرنىڭ ۋە مۇرەككەپ ھاسىلىي مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتىنى ھېسابلايدىغان ئىشەنچىلىك ئۇسۇل بولمىغانلىقتىن، مەبلەغ سوممىسىنى ئېنىق مىقدارلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. خىتاي شىركەتلىرى ئۆلچەملىك بوغالتىرلىق قائىدىسىگە بويسۇنمىغاچقا، ئۇلارنىڭ مۈلۈكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۈلۈك دەپ قارىلىشى كېرەك. «مالىيە بوغالتىرلىق ئۆلچىمى ھەيئىتى» (Financial Accounting Standards Board) ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، پەرقلىق ھېسابات تەكشۈرۈش سىياستىنى ئىجرا قىلسا بولىدۇ.

ئەگەر «ئامېرىكا ئاكسىيە ـ ئالماشتۇرۇش كومىتېتى» (شىركەتنىڭ مالىيە ئەھۋالىنى ئاشكارىلاشقا دائىر بەلگىلىمىلەرگە بويسۇنمىغان خىتاي شىركەتلىرىنى ئاكسىيە بازىرىدىن چىقىرىۋېتىشنى قارار قىلسا، «ئامېرىكا ئاكسىيە ـ ئالماشتۇرۇش كومىتېتى»نىڭ بەلگىلىمىسىگە كۆرە، ئومۇمىي قىممىتى 1 تىرىليون 800 مىليارد دوللارغا يېتىدىغان بۇ شىركەتلەرنىڭ ئەمەلىي بازار قىممىتى قالمايدۇ.

«ئامېرىكا ئاكسىيە ـ ئالماشتۇرۇش كومىتېتى» قوللانسا بولىدىغان يەنە بىر ئۇسۇل بولسا، شىركەتنىڭ ئالماشتۇرغىلى بولمايدىغان نەق پۇل زاپىسىنى ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۈلۈك دەپ ئېلان قىلىشتۇر. بۇ زادى ئامال بولمىغاندا قوللىنىلىدىغان تەدبىردۇر. ئەمما خىتاينىڭ قانۇنسىز ئۇسۇللار ئارقىلىق پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنى ئېگىز ـ پەس قىلىشىنى ۋە ئىستېماللارنى ئالدىشىنى توختىتىمىز دەيدىكەنمىز. بۇ چوقۇم ئويلىنىشقا تېگىشلىك چارىدۇر.

ئەگەر «ئامېرىكا ئاكسىيە ـ ئالماشتۇرۇش كومىتېتى» بۇ خىل ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرىنى قوللانسا، ھەرجايدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار زور زىيانغا ئۇچرىشى مۇمكىن. «ھەممىباب» (GM) شىركىتىنىڭ خىتايدا ئاپتوموبىل سېتىپ قانچە پۇل تاپقانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ بۇ نەق پۇل مۈلۈكلىرىنىڭ ھەممىسى يوق قىلىۋېتىلسە، مەزكۇر شىركەتنىڭ بازار قىممىتىگە زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ئامېرىكا شىركەتلىرى ۋە مەبلەغ سالغۇچىلىرىمۇ بۇ بوھراندا زەربىگە ئۇچرىشى مۇمكىن. لېكىن، نەزەرىيە جەھەتتە، (خىتايغا قارشى بۇ خىل تەدبىرلەر قوللىنىلغاندىن كېيىن) خىتاي بازىرى پەسىيىپ، باشقا بازارلار جانلىنىدۇ. شۇنداقلا، مەبلەغ سېپىتىدە خىتايغا كىرىدىغان دوللارنىڭ ئازىيىشى سەۋەبلىك، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئېشىش سۈرئىتى ئاستىلايدۇ. خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئېشىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە خەلقئارالىق تەرەققىيات تۈرلىرىگە مەبلەغ ئاجرىتىش ئىقتىدارى زەئىپلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، خىتاي باشقا كىرىم مەنبەسى تېپىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ، ئەنە شۇ چاغدا ئامېرىكا چوقۇم باشقا دۆلەتلەرگە (خىتايغا ياردەم قىلماسلىق) توغرىسىدا بېسىم ئىشلىتىشكە تەييار تۇرۇشى كېرەك. خىتاينىڭ مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارغا قىلغان زۇلۇملىرىدىن دەرغەزەپكە كېلىشى كېرەك بولغان، نېفتى مول مۇسۇلمان ئەللىرى چوقۇم (خىتايغا قارشى) مەبلەغ ئېمبارگوسىغا ھەم خىتايدا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلۈشى كېرەك.

ئىزچىل خىتاينى ماختاپ ـ ئۇچۇرۇپ كەلگەن ۋال كوچىسىدىكى ساختىپەزلەر ۋە شۇلارنىڭ يالغان ـ ياۋىداقلىرىغا ئالدىنىپ كەتكەن مەبلەغ سالغۇچىلارمۇ (خىتايغا قارشى بۇ خىل تەدبىرلەرنىڭ) تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. لېكىن، بۇ دەل مەزكۇر تەدبىرلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىدۇر. خەۋپتىن

ساقلىنىش فوندىغا تايىنىپ بېيىغانلار ۋە (ختاي بىلەن قىلىنغان) تىجارەتلەردىن نەچچە يۈز مىليون دوللار شېرىنكانە ئالغان ختاي كومپارتىيەسىنىڭ گۇپپاڭچىلىرى كاللىسىنى سىلكىۋېتىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى دۆلىتىمىزنىڭ كېلەچىكىگە سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەكتە.

ئامېرىكادىكى ئەللىك شىتاتنىڭ ئامىمۋى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندلىرىنىڭ قولىدىكى پاي چەك ۋە زايومىلارنىڭ نۇرغۇنى ئامېرىكادا قائىدە - تۈزۈملەرگە رىئايە قىلمايدىغان، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە ئۇرۇش پاراخوتلىرى ياسايدىغان ختاي شىركەتلىرىنىڭدۇر. ئامېرىكالىق مەبلەغ سالغۇچىلار سېتىۋالغان مەزكۇر پاي چەكلەر ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، شۇڭا مەبلەغ سېلىشقا مەسئۇل دىرېكتورلار مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. بۇ خىل مەسىلىلەر چوقۇم ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مەملىكەت خاراكتېرلىك مۇھاكىمە تېمىسى قىلىنىشى كېرەك. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئامېرىكالىق مەبلەغ سالغۇچىلار گېرمانىيەگە مەبلەغ سېلىشنى، گېرمانىيە شىركەتلىرىنىڭ پاي چەكلىرىنى سېتىۋېلىشنى ئويلىشارمىدى؟ ختاينىڭ كىشىلەرنى جازا لاگېرلىرىغا سولاش، نامايىش قىلىشقا يول قويماسلىق، خەلقنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇش قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش قىلمىشلىرى ئەينى چاغدىكى ناتسىستلارنىڭ قىلمىشىغا تولىمۇ ئوخشايدۇ. شۇنداقلا، ختاينىڭ سىجىل رەقەملىك كۆزىتىش قارقىلىق، ئېتىقادى سەۋەبلىكلا بىر خەلقكە (ئۇيغۇرلارغا) زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئىبارەت ھۆكۈمەت يېتەكچىلىكىدىكى زۇلۇم تاكتىكىسىنى «يېڭى ناتسىزم» دېيىش تولىمۇ مۇۋاپىق.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى ئامال بولمىغاندا ئىشلىتىلىدىغان تەدبىرلەر بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە سۆھبەتتە پايدىلىنىشقا بولىدىغان كوزىرلاردۇر. بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق ختاينى خەلقئارالىق قائىدىلەرگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىغىلى بولىدۇ. (ختايغا قارشى) مەزكۇر ئىستراتېگىيە خەلقئارالىق بىرلىكسەپ ھاسىل قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ ئىستراتېگىيەگە چوقۇم ھەربىيچە ئۆلچەمدە زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ھەمكارلىشىش زۆرۈر، چۈنكى ئېنىقنى ئېيتقاندا، بۇ بىر ئۇرۇشتۇر. مەزكۇر تەدبىرلەرنى ئىجرا قىلىشتىن ئىلگىرى، قاتتىق ئىنكاس قايتۇرۇش پەۋقۇلئاددە مۇھىم. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ تارمىقى چوقۇم بىرنىڭ ئېخنىكا، ئەقلىي مۈلۈك، پۇل، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىمى ئاساسىي قانۇندىن ئىبارەت مۈلۈكلىرىمىزنى قوغداش ئۈچۈن بار كۈچىنى ئىشقا سېلىشى كېرەك. بۇ خىل ئومۇمىيۈزلۈك ئىركىشىش كىشىگە تولىمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلىدۇ. لېكىن، ھاكىممۇتلەق تۈزۈمدىكى، ھەممىدىن گۇمانسىرايدىغان، دېموكراتىيەگە قارشى، ئىنسانىيەتكە قارشى ختاي دۆلىتىنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلى، ئەركىن دۇنيانىڭ بۇ جەھەتتە (ختاي بىلەن ئىركىشىشتىن) باشقا تاللىشى يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئادىل رىقابەت مۇھىتى بەرپا قىلىش

كۆرۈپ تۇرغىنىمىزدەك، خىتاي كومپارتىيەسى ئۆز دۆلىتىدىكى ساختا مەھسۇلات ياسايدىغان شىركەت ـ كارخانىلارغا قارشى ھېچقانداق تەدبىر قوللانمايۋاتىدۇ. شۇنداقلا، مەزكۇر (ساختا، تەقلىدىي) مەھسۇلاتلارنىڭ چەتئەل بازارلىرىغا توشۇلۇشىغىمۇ يول قويۇۋاتىدۇ. بۇ ساختا مەھسۇلاتلار خىتاي ئۈچۈن كىرىم ئەكىلىۋاتىدۇ، خىتايلارنى خىزمەت پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ. شۇنداقلا، مەزكۇر تەقلىدىي مەھسۇلاتلارنىڭ «ھەقىقىي» مەھسۇلاتتىن خېلىلا تۆۋەن باھادا سېتىلىشى، مەزكۇر مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىش ۋە بازارغا سېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن مەبلەغ ئاجراتقان چەتئەل شىركەتلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىۋاتىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي ئامېرىكاغا توشۇلۇۋاتقان ماللارنىڭ ئارىسىدا ساختا مەھسۇلاتلار ياكى ئىجازەتسىز ئەقلىي مۈلۈكلەر ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار، يەنى پاتېنت ھوقۇقىغا ئىگە ياساش ئۇسۇلى، لايىھە ياكى يۇمشاق دېتال قاتارلىقلار بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈرمەيدۇ. ئامېرىكا چوقۇم بۇ قانۇنسىز مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆز چېگراسىدىن كىرىشىنى توسۇشى، يەنى بىز چوقۇم پورتلىرىمىزنى تېخىمۇ قاتتىق باشقۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنداقلا، بىز تەكشۈرۈش جەريانىدا مەسىلە چىققان ناچار تىجارەتچىلەردىن جەرىمانە ئېلىش ئارقىلىق، بۇ ئىشقا كېتىدىغان چىقىمنى ھەل قىلساق بولىدۇ. مەسىلەن، خىتايدىن كەلگەن مال پاراخوتىدا ساختا مەھسۇلاتتىن بىرىلا بايقالسا، توشۇغۇچى شىركەت ھەربىر يۈك ساندۇقى (كونتېينېر) ئۈچۈن 1000 دوللار جەرىمانە تۆلىشى كېرەك. بۇ پاراخوتلار ئەمەلىيەتتە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بولغانلىقى، شۇنداقلا، بەزى پاراخوتلاردا يۈك ساندۇقىدىن ئون مىڭى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇ شەكىلدە جەرىمانە ئېلىنسا، خىتاينىڭ ساختا مەھسۇلات ياساش قىلمىشلىرىغا چاپان يېپىشىنىڭ بەدىلى تېزلا ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ.

ئەگەر بۇ تەدبىر (ساختا) ماللارنىڭ ئامېرىكاغا ئەتكەس قىلىنىشىنى توسۇپ قالالمىسا، بۇنىڭ «(خىتايدىن مال بېسىپ كەلگەن) پاراخوتنى شۇ پېتى خىتايغا قايتۇرۇۋېتىش»تىن ئىبارەت يەنە بىر ئامالى بار. ئەلۋەتتە، بۇ مال تاپشۇرۇۋېلىشنى كۈتۈپ تۇرغان ئامېرىكا شىركەتلىرىنىمۇ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. ھەتتا، بۇنداق قىلىش بازاردا بەزى ماللارنىڭ قىسلىقىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ خىتاينى تېخىمۇ كۆپ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. چۈنكى، خىتاي شىركەتلىرى پۇلنى ئالالمايدۇ، مالنى ۋاقتىدا تاپشۇرالمايدۇ، مال يەتكۈزۈش ۋاقىت جەدۋىلىنىڭ ھېچقانداق رولى قالمايدۇ. ئادەتتە

ھەممىسىنى دېگۈدەك توشۇغۇچى شىركەت ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان بىرلىك مالىنىڭ توشۇش تەننەرخى زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ. شۇنداق بولغاندا، قالايمىقانچىلىق كۆرۈلۈپ، خىتاينىڭ «پورتلاردا پەۋقۇلئاددە تېز سۈرئەتتە يۈك بېسىپ ۋە يۈك چۈشۈرۈپ، يۈك يەتكۈزۈش ۋاقتىنى تەخىدە تەڭ قىسقارتىش»تىن ئىبارەت نىشانى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

## قاتتىق قول بولۇش

2017-يىلى 8-ئاينىڭ 14-كۈنى، پرېزىدېنت ترامپ 1974-يىلىدىكى سودا قانۇنىنىڭ 301-ماددىسىدا ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇققا بىنائەن ئەسلەتمە ئېلان قىلىپ، «ئامېرىكا سودا ۋەكىللىرى ئىشخانىسى»دىن (USTR) «خىتاي ئەقلىي مۈلۈك، يېڭىلىق يارىتىش ۋە تېخنىكىغا مۇناسىۋەتلىك، ئامېرىكانىڭ تېخنىكىلىرى ۋە ئەقلىي مۈلۈكلىرىنى خىتايدىكى شىركەتلەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان ياكى شۇنى تەلەپ قىلىدىغان، ياكى ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن بولغان قانۇن، سىياسەت ۋە قائىدىلەرنى يولغا قويىدى ھەمدە ئالاقىدار تەدبىرلەرنى قوللاندى» دېگەن قاراشنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئارىدىن سەككىز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، «ئامېرىكا سودا ۋەكىللىرى ئىشخانىسى» قاتتىق تەنقىدكە تولغان 182 بەتلىك دوكلات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئامېرىكا شىركەتلىرىگە قارىتا يولسىز، مۇتتەھەم سىياسەتلەرنى يولغا قويغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. گەرچە مەزكۇر دوكلاتتا قانۇن ۋە سودا ساھەسىگە ئالاقىدار كەسپىي ئاتالغۇلار بار بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا كىشىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدىغان، مەزكۇر كىتابتىكى نۇرغۇن مۇھىم نۇقتىلارنى دەلىللەيدىغان ماتېرىيالدۇر. تۆۋەندىكىلەر مەزكۇر دوكلاتنىڭ بىرىنچى قىسمىدىكى ئۈچ مۇھىم نۇقتا بولۇپ، مەزكۇر مۇھىم نۇقتىلار ئامېرىكا شىركەتلىرىنى خىتايدا تىجارەت قىلىش ئىجازىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ (ئەقلىي) مۈلۈكلىرىنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇرلايدىغان، ئىنچىكە پىلانلانغان مۇجادىلىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ:

- «2001-يىلىدىن ئىلگىرى، خىتاي بازارغا كىرىش ئىجازىتىنىڭ بەدىلى سۈپىتىدە (چەتئەل شىركەتلىرىدىن) تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىشنى ئوچۇق - ئاشكارا تەلەپ قىلاتتى...». خىتاي 2001-يىلى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولغاندا، بۇ قىلمىشىنى تاشلاشقا ۋەدە بەرگەن. «شۇنىڭدىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان مەنبەلەرگە كۆرە، خىتاينىڭ تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىشنى تەلەپ

www.uyghurkitap.com

قىلىش سىياسەتلىرى ۋە قىلمىشلىرى تېخىمۇ يوشۇرۇنلىشىپ، ھەمىشە ئاغزاكى كۆرسەتمە ۋە <ئىشىكنى دوم تاقاپ سۆھبەتلىشىش> شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان».

• خىتاينىڭ «دۆلەتلىك ئوتتۇرا، ئۇزۇن مۇددەتلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات پىلانى»دا (2006 ـ يىلىدىن 2020 ـ يىلىغىچە) خىتاينىڭ «نىسبەتەن ئاجىز يەرلىك يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى»، «خىتاي كارخانىلىرىنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى» ۋە دۆلەتنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلىرىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭكىگە قارىغاندا «ئارقىدا قالغانلىقى» ئېتىراپ قىلىنغان. مەزكۇر رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، پىلاندا «كىرگۈزۈلگەن تېخنىكىلارنى سۈمۈرۈش، ھەزىم قىلىش ۋە شۇ ئاساستا قايتا يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىش» تەلەپ قىلىنغان. بۇ ئۇسۇل تۆت باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇ باسقۇچلارنىڭ ھەر بىرى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن خىتاي كارخانىلىرىنىڭ چەتئەل تېخنىكىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن زىچ ھەمكارلىشىشىغا باغلىق».

• 2011 ـ يىلىدىن 2016 ـ يىلىغىچە، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تۆت قېتىملىق يىغىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاز دېگەندە ئون سورۇندا، خىتاي ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئاشكارا ۋەدە بېرىپ، خىتايدا سودا قىلماقچى بولغان ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش تەلىپىنى يېنىكلىتىدىغانلىقى ۋە بارلىق تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش ئىشلىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىشىشىدىن خالىي ھالدىكى نورمال سودا قارارى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن. بۇ ھەقتە ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىنغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق پاكىت يوق. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ سىياسەت ۋەدىلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، خىتاي بازىرىغا كىرىش بەدىلىگە تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش جەھەتتىكى ھەرقانداق تەلەپ دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ كېلىشىمىگە خىلاپتۇر.

«ئامېرىكا سودا ۋەكىللىرى ئىشخانىسى»نىڭ دوكلاتى (يۇقىرىقىلاردىن سىرت) يەنە بەش تارماقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

• خىتاي ھۆكۈمىتى چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ خىتايدا تىجارەت قىلىشىغا چەكلىمە قويىدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت سېلىپ، ئامېرىكا شىركەتلىرىدىن خىتاي شىركەتلىرىگە تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ ياكى شۇنىڭغا قىستايدۇ.

• ئامېرىكا شىركەتلىرى قايسى شەكىلدە «خىتايدىكى قوبۇل قىلغۇچىلارغا پايدىلىق بولغان، غەيرىي بازار خاراكتېرلىك شەرتلەرگە ئاساسەن، خىتاي شىركەتلىرىگە تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش»كە مەجبۇرلىنىۋاتىدۇ؟

• خىتاي ھۆكۈمىتى «ئالدىنقى قاتاردىكى تېخنىكا ۋە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ئېرىشىش، شۇنداقلا دۆلەت سانائەت پىلانىدا مۇھىم دەپ قارالغان كەسىپلەردە كەڭ كۆلەمدە تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىشنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن، خىتاي شىركەتلىرىنىڭ ئامېرىكا كارخانىلىرى ۋە مۈلۈكلىرىگە سىستېمىلىق مەبلەغ سېلىشىغا ۋە ئۇلارنى سېتىۋېلىشىغا» قانداق يېتەكچىلىك قىلىدۇ؟

• خىتاي ھۆكۈمىتى «سودا مەخپىيەتلىكى، تېخنىكىلىق سانلىق مەلۇماتلار، سۆھبەت پوزىتسىيەسى، شۇنداقلا سەزگۈر ۋە پاتېنتقا ئالاقىدار ئىچكى ئالاقىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىدىكى مەخپىي سودا ئۇچۇرلىرىغا رۇخسەتسىز ئېرىشىش ئۈچۈن» ئامېرىكانىڭ سودا تورىغا قانداق تور ھۇجۇمى قوزغىدى ياكى شۇ ھۇجۇملارنى قايسى شەكىلدە قوللىدى؟

• شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىختىساسلىقلارنى تەكلىپ قىلىشتىن تارتىپ، دۆلەت بىخەتەرلىكى ياكى تور بىخەتەرلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان تەدبىرلەرنى قوللىنىشقىچە بولغان، چەتئەل تېخنىكىلىرىغا ئېرىشىشتىكى خىلمۇخىل ئۇسۇللىرى ۋە بۇنىڭغا ماس ھالدا (ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى) ئەقلىي مۈلۈكنى قوغداش سالمىقىنىڭ يېتەرسىزلىكى.

بۇ كىتاب نەشردىن چىقىشقا ئاز قالغاندا، يەنى 2019 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، خىتاينىڭ مۇددەتسىز ئارقىغا سۈرەش تاكتىكىسىدىن بىزار بولغان پرېزىدېنت ترامپ خىتايدىن تاموژنا بېجى ئالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مۆلچەرلىنىشىچە، پۇل مۇئامىلە مۇتەخەسسىسلىرى مەزكۇر قارارنىڭ ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە تورلۇك پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. خىتايدىن تاموژنا بېجى ئېلىش ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان سىياسىتىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئامېرىكا رەھبەرلىرى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم خىتايغا، ئۇلارنىڭ مۇستەبىت دۆلىتى باشلىغان تەڭسىز سودا قىلمىشلىرىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاخىردا، نوقۇل ئاگاھلاندۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، سىياسەتتىمۇ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىش تۇيۇقسىزلا يۈز بەرگەن بولماستىن، خېلى بۇرۇنلا شەپىسى بار ئىدى.

2018 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، شەنبە، پرېزىدېنت ترامپ بىلەن شى جىنپىڭ بۇئېنوس ـ ئايرېستا بىللە غىزالاندى ھەمدە كېيىن ترامپ تۋىتېردا «بىزنىڭ ئۆزۈن ۋە ئۈمىدلىك تارىخي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇچرىششىمىز» دەپ سۆيەتلىگەن مەزكۇر ئۇچرىششتا، ئىككى تەرەپ سودا ئۇرۇشىنى توقسان كۈن توختىتىشقا كېلىشتى.

شۇ كۈنى كەچتە، بۇئېنۇس ـ ئايرىستىن يەتتە مىڭ ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى كانادانىڭ ۋانكوۋېر شەھرىدە، كانادا ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ئالاھىدە خادىملىرى بىلەن خىتاي تېلېگراف شىركىتى ــــ خۇاۋېينىڭ باش مالىيە ئەمەلدارى، شۇنداقلا مۇئاۋىن باش دىرېكتورى مېڭ ۋەنجوۋ (孟晚舟) ئوتتۇرىسىدا كۈتۈلمىگەن، ئەمما تېخىمۇ «تارىخىي» دېيىشكە بولىدىغان بىر ئۇچرىشىش يۈز بەردى.

ئالاھىدە خادىملار مېڭ ۋەنجوۋنى قولغا ئالدى ۋە ئۇنى نيۇيوركقا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. چۈنكى، ئامېرىكا خۇاۋېي شىركىتىنىڭ (ئامېرىكا تەرىپىدىن) ئىرانغا قارىتىلغان ئىقتىسادىي جازاغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن مېڭ ۋەنجوۋنى سوتقا تارتماقچى ئىدى.

يۈزەكى قارىغاندا، شۇ قېتىملىق قولغا ئېلىش ئامېرىكا ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ خۇاۋېينىڭ ئامېرىكادا ئىجازەت بېرىلگەن تېخنىكىنى ئىراندا ئىشلەتكەنلىكى سەۋەبلىك ئېكسپورت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئەيىبلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەمما خۇاۋېينىڭ قۇرغۇچىسى، شۇنداقلا «خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى»نىڭ ھەربىي تېخنىكا مۇتەخەسسىسى رېن جېڭفېينىڭ (任正非) قىزى مېڭ ۋەنجوۋنى قولغا ئېلىش ئىنتايىن دراماتىك، شۇنداقلا ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىدىغان ھالقىلىق ھەرىكەت بولدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان تۈنجى قېتىم ناچار قىلمىش سادىر قىلغان شىركەتكە قارىتا ئەمەلىي قانۇنىي ھەرىكەت قوللاندى. يەنە كېلىپ، خۇاۋېي ئادەتتىكى شىركەت بولماستىن، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرى ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ئىككىنچى چوڭ يانفون ئىشلەپچىقارغۇچىدۇر.

خۇاۋېي يەنە 5G تورى ساھەسىدىكى دۇنياۋى باشلامچىغا ئايلىنىش ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن كۈچەۋاتقان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ كېيىنكى ئەۋلاد 5G تورى تەتقىقاتى ۋە لايىھەلەش ئىشلىرى ئۈچۈن 20 مىليارد دوللار مەبلەغ سالغان. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، خۇاۋېينىڭ باش مالىيە ئەمەلدارى مېڭ ۋەنجوۋنىڭ قولغا ئېلىنىشىنى ئامېرىكانىڭ خىتايغا بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشى، «ئامېرىكا. سودا ۋەكىللىرى ئىشخانىسى.»نىڭ دوكلاتىغا. بىنائەن ھەرىكەت قوللانغانلىقى.، شۇنداقلا خىتاي بىلەن ئاخىرىغىچە تىركىشىشكە بەل باغلىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

نۇرغۇنلىغان ئىستىخبارات ۋە تاشقى سىياسەت مۇتەخەسسىسلىرى خىتاينىڭ خۇاۋېي، جوڭشىڭ، شياۋمى، ۋىۋو، ئوپپو، لىيەنشياڭ قاتارلىق تېلېگراف ۋە ئەقلىيفون شىركەتلىرىنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سانلىق مەلۇمات ئوغرىلاش ۋاستىلىرى دەپ قارايدۇ. خۇاۋېي زاپچاسلىرىنىڭ خىتايغا ئۇچۇر يەتكۈزىدىغان «ئارقا ئىشىك» پروگراممىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى توغرىسىدىكى ئەندىشە سەۋەبلىك، نۇرغۇن دۆلەتلەر خۇاۋېي ئىشتىراك قىلغان تۈرلەرنى چەكلىدى ۋە توختاتتى.

ئاۋستىرالىيە بىلەن يېڭى زېلاندىيە يېقىندا خۇاۋېينىڭ مەزكۇر دۆلەتلەردە تور سۈپىسى قۇرۇشىنى چەكلىدى. پولشا يېقىندا خۇاۋېي شىركىتىنىڭ سېتىش خادىمى ۋاڭ ۋېيجىڭنى (王伟晶) جاسۇسلۇق جىنايىتى بىلەن قولغا ئالدى. مۆلچەرلەنگىنىدەك، خۇاۋېي بۇ ئىشلارغا ئېتىراز بىلدۈردى ۋە مەزكۇر خىزمەتچىنىڭ پائالىيىتىدىن پەقەتلا خەۋىرى يوقلۇقىنى، شۇنداقلا مېڭ ۋەنجوۋنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھېچقانداق ئىش قىلمىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن ئىلگىرىمۇ 5G مەسىلىسى توغرىسىدا تەپسىلىي توختالدىم. ئەمما بۇ قايتا ـ قايتا تەكىتلەشكە تېگىشلىك مەسىلىدۇر. ئەمەلىيەتتە، بىز تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش، جۈملىدىن ھەر قانداق سانلىق مەلۇماتنى ئۆتۈنۈپ بېرىش توغرىسىدا توختالغاندا، ھېچقانداق نەرسە دۆلەت بىخەتەرلىكىگە، ئادىل سودىغا، شەخسىي مەخپىيەتلىككە ۋە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا، بارلىق رەقەملىك ئۈچۈرلار جۇغلانغان سىستېمىنى خىتاي شىركىتىگە تاپشۇرۇشتىنمۇ ئېغىرراق تەھدىت ئېلىپ كەلمەيدۇ. خىتاينىڭ ئوتتۇرىغا قويغان نىشانى ۋە تېخنىكا ئەۋزەللىكى جەھەتتىكى ئىزدىنىشىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ دېموكراتىيە ۋە ئەركىن دۇنيا ئۈچۈن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغان ئەڭ ئېنىق ۋە كۆز ئالدىمىزدىكى خەتەردۇر. شۇنداقلا، (مەزكۇر كىتابنى مۇشۇ يەرگىچە ئوقۇغان) ھەر قانداق بىر دۆلەت، ھەر قانداق بىر سىياسىيون، ھەر قانداق سودىگەر، ھەر قانداق مەبلەغ سالغۇچى، ھەر قانداق پۇقرا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تىزگىنىدىكى تېلېگراف سىستېمىسىنى ئىشلىتىشنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىسا، كىتابنىڭ ئالدىنقى مەزمۇنلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇمىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. شۇڭا خۇاۋېي ۋە خىتاينىڭ باشقا تېخنىكا شىركەتلىرىگە ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ۋە چەكتىن ئاشقانلىقى سەۋەبلىك، غەربنىڭ ئۇلارنى جاۋابكارلىققا تارتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش كۆڭۈلدىكىدەك تۈنجى قەدەمدۇر.

تىرامپ ھۆكۈمىتى 2018 ـ يىلى يەنە ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىقى ۋە تەڭسىز سودىغا قارشى ئاكتىپ ھەرىكەت قوللاندى. نەتىجىدە، ئالدىنقى بابلاردا تىلغا ئېلىنغان، خىتاينىڭ تەقلىدىي مەھسۇلاتلىرى سەۋەبلىك نۇرغۇن زىيان تارتىپ كەتكەن خۇبانى (Khubani) ئۆز شىركىتىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى. تىرامپ ھۆكۈمىتى ئامېرىكا پوچتا ئىدارىسىغا خىتايدىن ئامېرىكاغا سېلىنغان پوسۇلكىلار ئۈچۈن تولۇقلىما بېرىدىغان توختامنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۇ ئامېرىكا ياسىمىچى شىركەتلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئامازون، ئېبەي ۋە باشقا ئېچىۋېتىلگەن ئېلېكترونلۇق سۇپىلاردا (خىتاي دوراپ ياسىغان) ئوغرى نەشىرلىك مەھسۇلاتلارنى نىسبەتەن ئاز كۆرۈشى مۇمكىنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى



# ئۇيغۇرلاردا مەدەنىيەت ۋە ئىسلام

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن

# ئۇيغۇرلاردا مەدەنىيەت ۋە ئىسلام

## ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن

تۈركى خەلقلەر ئىچىدە تۇنجى بولۇپ بۇگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېتۈك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يارىتىشقا مىسلىسىز تۆھپىلەرنى قوشقان ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنى روھ بولسا، باي ۋە گۈزەل ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەن بولۇپ، مىڭ يىلدىن بۇيان مۇجەسسەملەنگەن ھالدا بۇگۈنكى كۈنىمىزگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇيغۇرلۇقنىڭ جان تومۇرىدۇر. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى خۇددى روھنى تىرىك تەندىن ئايرىغىلى بولمىغانغا ئوخشاش ئايرىۋېتىشقا ئۇرۇنۇش، ياكى بىر - بىرلىرىگە قارامۇ - قارشى قويۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس بولغىنىغا ئوخشاشلا، مۇشۇنداق بىر خاھىش ۋە نىيەتلەردە بولۇش، «ئىسلام دىنى» نى ئېتىقادىمىزدىكى ناتوغرا چۈشەنچىلەرنى سۈيئىستىمال قىلىپ، ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان بۇ قوۋمنىڭ خاس مىللەت ۋە مەدەنىيەت كىملىكىگە، زۇلۇم ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان بۈگۈنكى مەۋجۇتلۇقىغا خىرىس قىلىش، جاھىللارچە ھۇجۇم قىلىش، نائەھلىلىكنىڭ، نامۇسۇلمانلىقنىڭ ۋە نائىنسانلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئۇيغۇر مىللىتى ئۇچۇن سەنئەت بىر مىللەتنىڭ مىللەت بولۇش خۇسۇسىيىتىدىكى بارلىقى ئەمەس ئەمما كەم بولسا بولمايدىغان بىر ھايات تومۇرىدۇر. بىر مىللەتنىڭ يېتۈك مىللەت بولۇپ، باشقا بىر مىللەت تۈركۈملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرۇشى، ئۆز مىللىي كىملىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۇچۇن ئانا تىلى، ئېتىقاد قىلىدىغان دىنى، ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان تۇپرىقى، مىللىي تارىخ ۋە مەدەنىيىتىنىڭ بولۇشى زۆرۈر بولغىنىغا ئوخشاش، سەنئىتى جۈملىدىن ناخشا - مۇزىكا بىر مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۇرۇشتە، كىشىلەرنىڭ مىللىي، ئۆزلۈك تۇيغۇسىنى ئويغىتىشتا ئوخشاشلا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىنساننىڭ بارلىق ئىلمىگە جۈملىدىن سەنئىتىگە شۇ قەدەر ماھىر بولغان، ئەلمىساقتىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كىندىكىدە ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتى ھەر بىر دەۋر ۋە زامانغا يارىشا ئۆز سەنئىتىنى بېيىتىپ كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. مەدەنىيەتتىكى بۇ ئالاھىدىلىكنى ئوخشاشلا مىللەتنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان بارلىق مەدەنىيەت ئۆرنەكلىرى بىلەن بىرىكتۈرۈپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ ئۇيغۇر مىللى مەدەنىيىتىنى باشقا مەدەنىيەتلەردىن پەرقلەندۈرىدىغان خاس مىللىي كىملىك ئوبرازىنى شەكىللەندۈردى.

مەنۋىيەتتىكى ئېستېتىك گۈزەللىك باشقا گۈزەللىكلەرگە ئوخشاشلا ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تاجىسىدۇر. ناخشا ئۇ يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان چىن سۆزدۇر. كۈي ئۇ ئىنسان قەلبىنىڭ لىرىك ئاھاڭلار ئارقىلىق نامايان قىلغان بايانىدۇر. شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى ئۇيغۇرلار مۇردا ئەمەس، ئۇيغۇرنىڭ

ئاڭلايدىغان زىرەك قولىقى، سېزەلەيدىغان سەزگۈر يۈرىكى بار، ئۇيغۇرنىڭ باشقا دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر تائىپەلەرگە ئوخشاشلا كۈلكىسى، قايغۇسى ھەم نەپرىتى بار بىر خەلق. ئۇيغۇر كۈلەلەيدۇ، يىغلىيالايدۇ ۋە غەزەپلىنەلەيدۇ.

ئۇيغۇرلار 10 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن باشلاپ، ئىسلام ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۆرۈپ ـ ئادەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ كەلدى. ئۇيغۇرلار قايغۇ ۋە شادلىق ھېسسىياتلىرىنى بەزىدە ئىبادەت بىلەن ئالللاھقا سېغىنىش ئارقىلىق ئىپادىلىسە، بەزىدە مىڭلارچە يىللاردىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز بىزگە مىراس قىلىپ قالدۇرغان مۇڭلۇق كۈيلەر، دەۋىر ۋە زامانىنىڭ ئىنكاسىنىڭ مۇئەييەن رەۋىشتە ئىجتىمائىي ھاياتتا ئەكس ئېتىشى بىلەن تەدرىجىي بېيىپ كېلىۋاتقان ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىگە مەنىۋىي روھ، زوق ۋە جاسارەت تاپىدۇ. بەزىدە ئۇيغۇرغا قاتتىقلىق بىلەن تولغان ھاياتتا، ئۇمۇتسىزلىككە سەنئەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئۈمىدلىك بىلەن باقىدۇ. ئەمما قانداق شەكىلدە ئىپادىلىنىشىدىن كۆرە مۇزىكا ئارقىلىق ئىپادىلەش باشقا ئىپادىلەشلەردىن تامامەن قېلىشمايدۇ. بىز شۇنى سالماقلىق بىلەن ئويلىشىشىمىز كېرەككى ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بولغان سەنئەتنىڭ ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەت مىللىي روھىيىتىدىكى بۇ نازۇك ۋە سەزگۈر تەرىپىگە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىقىمىز كېرەك. ھە دېسىلا "بىز ئۇيغۇرلار ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر خەلق" دەپ باشقىلار تەرىپىدىن قانداقتۇر بىر مۇددىئانىڭ تۈرتكىسىدە كەيدۈرۈلگەن بۇ قالپاقلانى دەستەك قىلىپ، ئۇيغۇر سەنئەت ساھەسىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا، ئىجادكارلىق كۈچىنىڭ ئۇرغۇشىغا سوغۇق سۇ سەپمەسلىكىمىز، بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ مۇھىم تەركىۋلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەممە تەرەپلەرنى قوغدىشىمىز زۆرۈرىيەتتۇر. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مىللىي خاسلىقىدىكى ھەر قانداق بىر تەركىپ ئاجىزلاشسا، ياكى ئەسلىگە كەلتۈرگىسىز دەرىجىدە بۇزۇلسا ۋە ياكى بىر ـ بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ئامىللار كۈچەيسە، مىللىي مەدەنىيەت تەخىپۇكلۇقىنى بۇزۇلۇش كىرزىسىگە ئېلىپ بارىدۇ ۋە بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۇچۇن ئۆز ئىچىدە باشقا كۆپلىگەن ئېغىر مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈش خەۋپىنى تۇغدۇرىدۇ.

ئادەملەرنىڭ قېنىدىكى تەبىئىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرى ئۆزىدە قانداق نەرسە كەم بولسا شۇ نەرسىگە ئېرىشىشنىڭ يوللىرىدا كۆرەش قىلىشتۇر. بىز ياشاۋاتقان بۇ يەر شارى قارىماققا ئۆز ھەجمى جەھەتتىن خېلى چوڭ كۆرۈنسىمۇ ئەمما ئىنسان ئەقىل بۇلىقى ـ ئىلىم بىلىم ۋە تېخنىكىلىق ئۇقۇم جەھەتتىن كىچىك بىر مەھەللىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى تېگى ـ تەكتىدىن بىز ئىنسانلارنىڭ ئېيتىدىغان ناخشىمىز بىر ناخشىدۇر، چالىدىغان مۇزىكىمىز بىر ئاھاڭدۇر! ئاقىۋەتتە ئېتىقاد قىلىدىغىنىمىز ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان ئىنساننى ياراتقۇچى پەرۋەردىگارىمىزدۇر. ئادەملەر قەدىمدىن تارتىپ ناخشىنى پەقەت ئىككى مەقسەتتىلا ئېيتىپ كەلگەن ـ ئۇ بولسىمۇ خۇشاللىق ۋە قايغۇدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋادىلىرىدا ياشاپ، دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۆزگىچە خاس مەدەنىيىتىنى ياراتقان. ئەمما كېيىنكى مەزگىلگە كەلگەندە دۇنيا ئىقتىساد ئالاقىسىنىڭ قورۇقلۇق يوللىرىدىن دېڭىز يوللىرىغا كۆچىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىدە ياشاپ كەلگەن بۇ خەلق ماكانىنىڭ دېڭىزغا يىراق بولۇشى سەۋەبلىك دۇنيادىكى باشقا خەلقلەر بىلەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدە يىتىم قالدى. بۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىي پرىنسىپىدىن چەتنىگەن سوپى - ئىشانچىلىقلىقنىڭ دىيارىمىزغا سىڭىپ كىرىشى ۋە خەلق ئارىسىدا ئومۇملىششى تەركىدۇنياچىلىقتىن ئىبارەت يىڭى پىكىر ئېقىمىنى قوزغىدى. نەتىجىدە جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن يىتىم قالغان خەلقىمىز روھىي جەھەتتىن بىخۇدلۇق، نادانلىق، جاھىللىق ۋە تەپرىقچىلىك ئىللەتلىرىگە قۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا پەن - مەدەنىيەت يىڭىلىقلىرىدىن ئاستا - ئاستا چەتتە قالدى. باشقىلار دۇنيانى بويسۇندۇرۇش غەرزىدە بولۇۋاتقان مەزگىلدە ئۇيغۇرلار دۇنيانى تەرك ئېتىش يولىغا قەدەم قويدى. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار نۇرغۇن نەرسىلىرىنى يوقىتىپ 20 - ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىغا ئاران ئۇلاشتى... يۇقىرىقىدەك بىر تۈرلۈك تارىخي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلار يېقىنقى ئۈچ ئەسىردىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن مىللىي دۆلىتىنى قۇرۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدى ۋە شۇۋەجىدىن بۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى دۇنياغا ناھايىتى ئاز تونۇلۇپ كەلدى.

ئەدىب ئابدۇقادىر.جالالىدىن لوندوننى كۆرگەندىن كېيىنكى تەسىراتى ئاساسىدا يازغان «مەۋجۇتلۇق تەشنالىقى» دېگەن كىتابىدا ئېيتقىنىدەك، تەرەققىي قىلغان ئەللەردە قۇرت - قوڭغۇز، بىرەر ياۋا ئوت - چۆپلەر ئۈچۈن 10 نەچچە بەتلەپ قامۇسلىرىدا ئىزاھاتلار بېرىلگەن بولسا ئەمما دۇنيادا «12 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىسى بار، يەر - زېمىنى غەربىي ياۋروپا بىلەن تەڭ كېلىدىغان، ئۆز تىل - يېزىقى بار، مەدەنىيەت ياراتقان ئۇيغۇر دېگەن بۇ مىللەتنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشىدا، ھەتتا بۇ مىللەت ئىسمىنىڭ ئېنگىلىز يېزىقىدا يېزىلىشىدىمۇ تېخى بىرلىككە كەلمىگەنلىكىنى، ئۇيغۇر مىللىتى، خىتاي مۇسۇلمانى Chinese muslim, Uyghur, Uighur, Uygur دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ، بۇ مىللەتنى تونۇشتۇرۇشقا يېرىم بەتلىك ئىزاھات ئۈچۈنمۇ ئورۇن بېرىلمىگەنلىكى كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان ئاچچىق ھەقىقەت». ھەق سۆز ۋە رېئاللىق ھەمىشە ئاچچىق ۋە رەھىمسىز ئەمما بىز بۇقىسمەتلەرنى سوغۇققانلىق بىلەن قوبۇل قىلىش ئاساسىدا ئۆزىمىز ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىشىمىز زۆرۈر.

ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياغا تونۇلالماسلىقى، تونۇلسىمۇ «دۇنيادا ئەڭ خورلانغان مۇسۇلمان»، «ئىرقىي قىرىنچىلىققا ئۇچۇرغان خىتايدىكى ئاز سانلىق مىللەت - ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى» دەپ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئازدۇر - كۆپتۇر تونۇلۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنىڭ سەۋەبلىرى تارىخي ئامىللارغا چېتىشلىق ئەلۋەتتە. چەتئەلدە ئۇيغۇر ئوبرازىنىڭ ئاجىز ۋە خۇنۈك بولۇشىدىكى قىسمەت تۈپەيلى "مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس" دېگەندەك، بۇ ھالەت ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ بولۇپمۇ ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ مۇھاجىرەتتە ياشىغانلارنىڭ مۇھاجىرەتتە ياشىغانلارنىڭ يۈرىكىنى چەتئەل غېرىبچىلىق تۇيغۇللىرىغا مەھكۇم قىلىپ، "تونۇلمىغان مىللەت" كىملىكى كىرزىسىدە ئازابلايدۇ.

www.uyghurkitap.com

ناخشا ـ مۇزىكا دېمەك بىر مىللەتنىڭ مىللىي روھىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى روشەن گەۋدىلەندۇرىدىغان، ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە مىللىي كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئويغىتىدىغان، ئۆز زامانىدىكى شادلىقى ۋە قايغۇسىنى يارقىن كۈي ۋە مۇڭلۇق ئاۋازلار بىلەن ئىپادە قىلىدىغان بىر سەنئەتتۇر.

بىز ئۇيغۇرلار تارىختىن تارتىپ ئىلىم مەرىپەتكە ھەۋەس قىلىدىغان، ئەقىللىق، باتۇر خەلقمىز. بىز ياۋلارغا باش ئەگمىگەن، جەڭ مەيدانىدا قىلىچ، قالقان تۇتۇپ ئەل ـ ۋەتەننى قوغداپ، ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ دۆلەت باشقۇرغان، ئاسايىشلىق يىللاردا بولسا شۇ قىلىچ تۇتقان قوللارغا قەلەم، دۇتار، ساتارلارنى ئېلىپ تۈرك ۋە دۇنيا ئىلىم، مەدەنىيەت ساھەسىگە ئۆچمەس مىراسلارنى قالدۇرغان خەلقمىز. خەلقىمىز نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان زۆرۈر بولسا ئەلەم، زۆرۈر بولسا قەلەم كۆرەشلىرىنى ئوز يولىدا ئېلىپ بېرىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى سوراپ دۆلەت باشقۇرۇپ كەلگەن خەلقتۇر.

دېمەك، ئۇيغۇرلار ئىنسان ۋە دۇنيانى چۈشەنگەن، ئەقىل ـ ئىدىراكلىق، تارىخى بار بىر خەلقتۇر. خەلقىمىز ئۆتكەنكى ئۈچ ئەسىردىن بۇيان ئەشەددىي دىنىي مەزھەپچىلىك، نادانلىق، سۆپى ـ ئىشانلىق سەۋەبىدىن ئىچكى ۋە تاشقى زۇلۇم، ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى، نامراتلىق، ئۆز ـ ئارا ئىتتىپاقسىزلىقلار تۈپەيلى دۆلەتچىلىك ۋە ئىلىم ساھەسىدە قاتتىق ئارقىغا چېكىنىپ، ئومۇمىي يۈزلۈك زاۋاللىققا يۈزلەنگەن دەۋر بولدى. ياۋروپا سانائەت ئىنقىلابى باشلىنىپ يۇقىرى پەللىگە چىققان يىللاردا، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى ئاللىبۇرۇن چۆلدەرەپ قالغان يىپەك يولىدا بۇرۇقتۇرما ھايات پاتقىقىغا پېتىپ قالغان ئىدى. ھەتتا بەزى كىشىلەر نورمال ئىنسانىدەك ياشاش ئىمكانىيەتلەردىنمۇ مەھرۇم قالغان ئىدى. گەرچە ئۆتكەنكى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر جەدىدچىلىك يەنى زامانىۋى مائارىپ ۋە مىللىي ئاقارتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋجى ئېلىشىغا ئەگىشىپ مىللەتنىڭ ئومۇمىي سۈپىتىدە دۇنيانى ۋە ئۆز كىملىكىنى چۈشىنىپ ياشاش ھەرىكەتلىرى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئۇيغۇر كىملىكى قايتىدىن سۈنئىي سەھنىلەشتۈرۈلۈپ "ئۇيغۇرلار ناخشا ـ ئۇسۇلغا ماھىر خەلق" دىگە نام ـ ئاتاقىقا قالدى. دۇنيا ۋە خىتاي دۆلىتى ئۆتكەنكى 30 نەچچە يىللاردىن بۇيان ئىقتىساد ۋە پەن تېخنىكىدا تېز تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بۇ ناخشا ئۇسۇلغا ماھىر مىللەت تۇرلۇك ـ تۈمەن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي كىرىزىسلار سەۋەبلىك تەرەققىياتلارنىڭ سۈرئىتىگە يېتەلمىدى ـ دە مول يەر ئاستى تەبىئىي بايلىقلارغا ئىگە رايۇندا تالايلىغان ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مەسىلىلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى...

ئارىمىزدىكى "مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈش" ئۇسۇلىنى ياخشى ئۆگەنگەن بىر قىسىم ئەدىبلىرىمىز ئۇيغۇر خەلقى ۋە جەمئىيىتىدە كۆرۈلۈۋاتقان دەۋرگە ماسلىشالماسلىقنى "ناخشا ئۇسۇلغا ئامراق مىللەت" بولغانلىقىمىزغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇندى. ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ بىر تۈۋرۈكى بولغان ئۇيغۇر سەنئىتىنى گۇناھكار سۈپىتىدە ئەيىبلەشكە باشلىدى. بۇ ھەقتە ئايىغى ئۈزۈلمەي ماقالىلار ۋە ئوبزورلار يېزىلىپ خەلقىمىزدە بىر مەھەل پىكىر قالايمىقانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

خوش، ئۇنداقتا ئاشۇ ئوبزورچىلىرىمىز ئېيتىۋاتقاندەك ئۇيغۇر سەنئىتى بولۇپمۇ ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتى راستىنلا ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىغا پۇتلا ـ كاشاڭ بولۇۋاتقان ئامىلمۇ؟

ياق، بۇ يەردە ئوچۇق قىلىپ ئېيتىش كېرەككى ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنكى بەختسىزلىكلىرىنى ناخشا ـ مۇزىكىدىن كۆرۈش مېنىڭچە ئاقلانلىق بولمايدۇ. بۇ يەردىكى ساقلانغان مەسىلە يەنىلا ئۆزىمىزنى ۋە ئۆزىمىز ياشاۋاتقان مۇھىتىنى تولۇق چۈشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىققان سۇبيېكتىپ چۈشەنچىدىكى خاتالىق مەسىلىسىدۇر.

بىر مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، سەنئەت، ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيىتى بىر ئەسىردە ياكى بىرقانچە ئەسىر ۋاقىتلار ئىچىدىلا بارلىققا كېلىپ ئومۇمىي خەلق ھاياتىدا قېلىپلاشقان شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. بەلكى ئۇزۇن مۇددەتلىك جەمئىيەت ۋە ئىرسىيەت قۇرۇلمىسى ئاساسىدا ئۆزى ياشىغان تەبىئەت مۇھىتىدىن ئۆگەنگەن بىلىملىرى بىلەن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ تويلىنىدۇ، بارلىققا كېلىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى شۇ مىللەتنىڭ ئۆز مىللىي كىملىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىق ھالدا ياشىشىنىڭ تۈپ كاپالىتىدۇر.

بۇ مەدەنىيەتلەر ئىچىدىكى ئۇيغۇر ناخشا مۇزىكىسى تەبىئىيكى ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇھىم تەركىبلەرنىڭ بىرىدۇر. جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە مىللەت ئىلمى بويىچە ئېيتقاندا، ئۆز تىلى ۋە مۇقىم ياشايدىغان زېمىنغا ئىگە خەلقلەر ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىدىكى ناخشا ـ مۇزىكا شۇ مىللەتنىڭ كىملىكىگە، مىللىي تەرەققىياتلىرىغا، مائارىپىغا مەنىۋى ئىلھاملاندۇرۇش، روھلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، ھېچقاچان سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەن ئەمەس. بۇ تۇردىكى مىساللار ناھايىتى كوپ. قىسقىسى ئىنسان ئەقلىي ۋە تەسۋۇر ئىجادىيىتىنىڭ بىر جەۋھىرى بولغان ناخشا ئېيتىش، مۇزىكا چېلىش، ئاڭلاش بىر ئادەمنىڭ ياكى بىر ئومۇمىي جەمىيەتنىڭ كىلەچەكىگە ۋە گۈللىنىشىگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ.

غەرب دۇنياسىدىكى ھازىرقى زامان پەن ـ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان مىللەت ۋە دۆلەت ئەللىرى ناخشا ـ مۇزىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت ـ سەنئەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ ئەللەردە سەنئەتنىڭ جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ئىستېمالىدىكى ئورنى يۇقىرى بولىدۇ، سەنئەتكارلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىمۇ قەدىرلىنىدۇ. غەرب ئەللىرىدە ئەڭ ئىقتىدارلىق تالانت ئىگىلىرى سەنئەتكارلاردۇر، دېگەن قاراش ئومۇملاشقان. غەربتە يۇقىرى تاپاۋەت قىلىدىغانلارمۇ تونۇلغان ناخشىچى، مۇزىكانت قاتارلىق سەنئەتكارلاردۇر. مەسىلەن: بۇنىڭ ئۈچۈن خەلقئارالىق چولپانلاردىن مايكىل جاكسون (Michael Jackson)، خانىش گاگا (Lady Gaga) مادوننا (Madonna) قاتارلىقلار مىسال كەلتۈرەلەيمىز. ئەرەب دۇنياسىدىن ئۆتكەنكى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئەرەب مىللەتچىلىكى ۋە مىللىي ئويغىنىش دەۋرىدە پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان مىسرلىق ئايال چولپان، ئەرەبلەرنىڭ قەلبىدە ئەڭ يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە بولغان كلاسسىك ئەرەب مۇزىكىسىنىڭ پېشۋاچىسى، ناخشىچىسى ئۇمم كۇلتھۇم خانىمنى (Umm Kulthum) مىسال قىلالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سەنئەت ئالاھىدە بىر تۇغما ۋە ئىرسىيەت خاراكتېرلىك تالانت تەلەپ قىلىدىغان كەسىپ. بىر ئادەم تۆت كۈن ئۆگەنسە موزدۇز ياكى ئاشپەز بولالايدۇ، ئەمما ئۇ كىشىدە تۇغما ۋە ئىرسىيەتلىك تالانت، ئۆگىنىش قىزغىنلىقى بولمىسا مۇزىكانت ياكى ناخشىچى بولالمايدۇ. گىرېك پەيلاسوپى پلاتو ئېيتقاندەك "سەنئەتنىڭ جان تومۇرى بولغان مۇزىكا ئۇ ئىنسان ئەقىل ـ پاراستىنىڭ ئاشكارا ھالدا ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى نامايەندىسىدۇر."

غەرب ئالىملىرى نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقات ۋە تەجرىبىلەردىن كېيىن مۇزىكا ئادەم مېڭىسىنىڭ تەپەككۇر، خاتىرىلەش ۋە ئىنكاس ئىقتىدارلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى ۋە شۇ ۋەجىدىن بىر قىسىم دوختۇرخانىلاردا بىمارلارنى مۇزىكا بىلەن داۋالاش كەسپلىرىنى يولغا قويدى. دېمەك، سەنئەت ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تەۋە تەپەككۇرلىرى بىلەن زىچ باغلانغان. جۈملىدىن ئەگەر سىز مۇزىكىنى چۈشەنسىڭىز، مۇزىكا ئاڭلاشنى بىلسىڭىز، ئۇ تەبىئىيكى سىزنىڭ دۇنيانى تەپەككۇرىڭىزغا باغلاپ چۈشىنىشىڭىزگە ياردەمچى بولالايدۇ.

ئۇنداقتا ئەمدى گەپنى ئۆزىمىزدىن باشلايلى: ئۇيغۇرلار باشقا تەرەققىي قىلغان دۆلەت ۋە مىللەتلەردەك تەرەققىياتقا موھتاج، ئىلىم پەن ئارقىلىق گۈللىنىش، ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىش، ئۇيغۇر مىللىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھۇلىنى مۇستەھكەملەش ھەممىمىزنىڭ بۇ ئەسىردىكى ئالىي ئىنتىلىشىدۇر. ئەمما، بۇ ئىنتىلىش ھەرگىزمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە سەل قاراش بەدىلىگە ئەمەلگە ئاشماسلىقى كېرەك. شۇنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز زۆرۈركى غەربتىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەر ئۆز تەرەققىياتىنى ئىككى چوڭ بويىچە ئۆلچەيدۇ، ئۇنىڭ بىر قاتتىق كۈچ (پەن تېخنىكا ئاساسىدىكى يۇقىرى تېخنىكىلىق يىرىك سانائەت تەرەققىيات كۈچى)، ئىككىنچىسى يۇمشاق كۈچ (بۇ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي كۈچ). ئەگەردە بىر دۆلەت پەن ـ تېخنىكا ۋە سانائەتتە پەۋقۇلئاددە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردە تەرەققى قىلمىسا، بۇنداق دۆلەت بۇرۇن ياراتقان تەرەققىياتلىرىنى تەدرىجىي ۋەيران قىلىدۇ. بۇنداق دۆلەت ئاخىر مەنىۋىيەت ۋە روھىيەت گادايلىقىغا پېتىپ، زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھە دېسىلا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئۇيغۇر مۇقام، ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىگە سەلبىي قاراش شاملى كۆچەيمەكتە. ئەگەر بۇ شامال بىتەرەپلىك ھالدا داۋاملىق كۈچەيسە، ئەسلىدىنلا ئاساسىي ئاجىز، تەۋرىنىپ تۇرغان ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىگە ناھايىتى كوپ زىيانلارنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

كۈنىمىزدىكى ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، ھازىر تۈرلۈك ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرى، تاراتقۇ ۋە مېدىيالاردا، جامائەت ئىجتىمائىي سورۇنلىرىدا بەزى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ "نورۇز بايرىمى ھارام"، "ناخشا ـ مۇزىكا ھارام" دېگەندەك پەتۋالارنى بېرىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىدىكى ئەڭ مۇھىم تەركىب بولغان سەنئىتى، جۈملىدىن ناخشا ـ مۇزىكىسى ھارام دەپ قارىلىدىغان ۋە سەنئەتكارلارغا ھاقارەت قىلىدىغان نائەخلاقىي قىلمىشلار كۆپەيمەكتە.

ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىسىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي قىممىتىنىڭ مىللىي خۇسۇسىيەت بويىچە جەمئىيەتنى ۋە ياش ئەۋلادلارنى "ئۇيغۇرلۇق" مەدەنىيەت ئۇقۇمى بىلەن تەربىيىلەشتە، ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرۇشتا،بولۇپمۇ غەرب ئەللىرىدە توغۇلۇۋ چوڭ بولغان ياشلارنى ئۆز مەدەنىيىتىنى سۆيۈپ چوڭ بولۇشقا دەۋەت قىلىشتا ئوينايدىغان ئىجابىي رولى ناھايىتى مۇھىمدۇر.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىدا، جۇملىدىن سانىمىز ناھايىتى ئاز بولغان، نۇرغۇن دۆلەتلەرگە تارقىلىپ ياشاۋاتقان ساناقلىق ئۇيغۇر مۇھاجىرەت توپلۇقلىرىدا، بىز ساندىن كۆپرەك سۈپەتكە، سۈپەت ئارقىلىق نەتىجىگە دىققىتىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈشىمىز، خەلقىمىزنىڭ روھىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى ھەر ۋاقىت ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەك. كەلگۈسىدە بىز ئۇيغۇرلاردىنمۇ مايكېل جاكسون، مادونا ياكى خانىش گاگا دەك دۇنياۋى چولپانلار چىقارمۇ؟ ياكى بولمىسا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دۇنياغا تونۇلغان قوشنىمىز ئۆزبېكىستاننىڭ سەۋارا نازىرخان، شېرئەلى جورايېۋ، يۇلدۇز ئوسمانوۋا دەك چولپانلىرى چىقارمۇ؟

دەرۋەقە بىز ئۇيغۇرلار سەنئەتخۇمار، خۇش چاقچاق، تەبىئىتىمىز ئوچۇق، ئاقكۆڭۈل خەلق. "قاغا ئۆز بالىسىنى ئاق دەيدۇ" كى ھەرگىز قارا دېمەيدۇ. شۇڭا بىز ئۇيغۇرلار ئۆز سەنئىتىمىزدىن ھەر ۋاقىت پەخىرلىنىشىمىز كېرەككى، ئۇنىڭدىن چانماسلىقىمىز، ئۇنىڭ توغرا يۆلىنىشتە دۇنياۋىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىزدىنىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ پۇتىغا ئۆزىمىز پالتا چېپىشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. بىز ئاۋۋال ئۆزىمىزنى مەدەنىيەت، سەنئەت، تىل ۋە دىلداش قوشنىلىرىمىزغا، ئاندىن دۇنياۋى سەنئەت ساھەسىگە سىڭىشتۇرساق بىز ئۆزۈمىزنىڭ قانچىلىك ئارقىدا ئىكەنلىكىمىزنى بايقايمىز. ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ تەبىئىي جەلپ قىلىش كۈچى، چەكلىمىسىز ئەركىن ئىجادىيەت يارىتىش ۋە ئورۇنلاش ئىقتىدارلىرى ئاجىز. ئۇيغۇر سەنئىتى بولۇپمۇ ئۇيغۇر مۇقام، ناخشا ـ مۇزىكىسى ئەنئەنۋىلىكىنى ساقلىغان ئاساستا تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا موھتاجدۇر.

ئۇيغۇر سەنئىتى ئون نەچچە يىللاردىن بۇيان باشقا مىللەت سەنئەتلىرى بىلەن رىقابەتلىشىش ئېڭىدىن مەھرۇم بولۇش، يېڭىلىق يارىتىشتىن چېكىنىش ياكى ئۆز ئىزىدا توختاپ قېلىشتەك بۇرۇقتۇرما ھالەتلەر سەۋەبىلىك خەلقىمىزنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا ئىستېمالىدا ھە دېسىلا ئۆزبېك، ختاي، ھىندى، تۈرك، ئەرەب، ياۋروپالىقلارنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبى ۋە مەنبەلىرىدىن كۆچۈرمىكەشلىك قىلىدىغان ئەھۋاللار ئەۋج ئېلىپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك شالغۇت ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىمۇ پەيدا بولغىلى خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالدى. مۇنداق بولۇشى تەبىئىيكى ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىنىڭ خەلقىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ياشلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغانلىقىدىن بولغان دەپ قارىساق خاتالاشمايمىز. سەنئەتكارلىرىمىز بۇنىدىن كېيىن ئىمكان بار خەلقئارا سەھنىلەرگە چىقىش پۇرسەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئۆز ئەنئەنىسىنى ساقلىغان ھالدا دەۋرگە ماسلىشىپ تەرەققىي كۈچىنى ئاشۇرشىمىز زۆرۈر. ئۇيغۇرلار ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىدە دائىم ئىمپورت قىلغۇچىلىقتەك پاسسىپ ئىستىمالچىلىق ئورنىدىن چىقارغۇچى ـ ئاكتىپ ئېكسپورت قىلغۇچىلىق ئورۇنغا ئۆتۈشى كېرەك. ئەگەر شۇنداق بىر مۇۋەپپەقىيەت سەنئىتىمىزدە شەكىللەنسە

ئۇيغۇرلار ھېچ بولمىسا دەسلەپكى قەدەمدە بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ يۇمشاق كۈچى بارلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مەدەنىي دۇنياغا مەدەنىي شەكىلدە بىلدۈرەلىگەن بولىدۇ.

ئىسلامىيەت نۇقتىدىن ئېيتقاندا ياراتقۇچى ئاللاھ بۇ دۇنياغا ھەممە ئىنسانلارنى بىر - بىرلىرىدىن ئايرىم قىلىپ رەڭگى، تىلى، ياشايدىغان زېمىنىنى ۋە مەدەنىيىتىنى پەرلىق قىلىپ ياراتتى. ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى يارىتىش پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغىنىمىزدا پەرقلىق قوۋم- مىللەتنىڭ ئىسلام دىنىي قائىدىلىرىنى ئىجرا قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ مىللىي خاسلىقىقا ئىگە مەدەنىيەت - سەنئەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاللاھنىڭ بەندىلەرنى يارىتىش ئەقىدىلىرىگە مۇخالىپ بىر ئىش ئەمەستۇر. "ۋەتەننى سۆيۈش ئىسلامنىڭ جۈملىسىدىندۇر"، دېمەك ۋەتەننى سۆيۈش ئىسلامنىڭ جۈملىسىدىن بولسا، شۇ ۋەتەنگە ئىگىدارلىق قىلىش بىر خاس قوۋم - مىللەت تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتنى مىللەت قىلىپ شەكىللەندۈرىدىغان ئامىل ئۆز تىل - يېزىقى، مەدەنىيىتى ۋە ياشايدىغان تەۋەلىك تۇپرىقىدۇر. ئۇيغۇر سەنئىتى - مەدەنىيەت كاتېگورىيىسى ئىچىدە تەبىئىيكى مىللىتىمىزنىڭ مىللەت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبتۇر.

قىسقىسى بۇ يەردە ئىسلامىي ئەقىدە، ۋە مىللىي خاسلىقتىكى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا ھېچ بىر بىر - بىرسىنى رەت قىلىدىغان ئاساس يوق. ئىسلام دۇنياسىدا ناخشا- مۇزىكا سەنئىتى بىلەن مىللەت، ھاكىمىيەت ۋە دىنىنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ئۆتكەنكى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا توغرا بىرتەرەپ قىلىنىپ بولغان بولۇپ بۇنىڭ مىساللىرى سۆپىتىدە ئىسلام دۇنياسىدا باش كۆتۈرگەن مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىش بىلەن ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ چوڭ مۇسۇلمان ئەرەب دۆلىتى - مىسىر پادىشاھى فەئۇدنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە 1932 - يىلى 3- ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە قاھىرەدە ئۆتكۈزۈلگەن "قاھىرە ئەرەب مۇزىكا قۇرۇلتىيى" ۋە بۇ قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشى ئارقىلىق ئەرەب دۇنياسىدا ئىسلامدا ناخشا - مۇزىكا ۋە سەنئىتىنى چەكلەيدىغان خاھىشلارغا تۈنجى قېتىم خاتىمە بېرىلگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئىسلام بايرىقى بىلەن ئۆز تېررىتورىيىسىنى 3 قىتئەگە كېڭەيتىپ 500 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان دۇنيا تۈركى دۆلەتلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىردىن- بىر چوڭ دۆلەت ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ قۇرۇلغان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇغۇچىسى مۇستاپا كامال ئاتا تۈركنىڭ 1920 - يىللىرىدىن باشلاپ تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ ئۆز ئەسلىگە - تۈرك مىللەت كىملىكىگە قايتىش ۋە تۈركىيە تۈرك دۆلىتىنى قايتا قۇرۇش ھەرىكىتىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزىمىزگە قانائەتلىنەرلىك جاۋابلار تاپالايمىز دەپ ئويلايمەن.

ئارىمىزدىكى بەزى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھە دېسىلا چېكىدىن ئاشقان ئىسلامچىلىق خاھىشى بىلەن ئۇيغۇر سەنئىتى، ناخشا - مۇزىكىسىنى قانداقتۇر ئاتالمىش ئىسلامچىلىق رامكىسى ئىچىدە "پەتىۋالار" بىلەن بوغۇشقا ئۇرۇنماسلىقى كېرەك. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللەت سۈپىتىدە ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي بىر مىللەت گەۋدىسىنى نەزەردە تۇتقان



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هالدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىنىڭ مىللىي مەنپەئەتكە يارىشا ساغلام راۋاجلىنىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، دەستەك بولۇش ۋە قوغداش بىز تەۋە بولغان بارلىق مىللەت ئەزالىرىنىڭ بۇرچىدۇر.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ كەڭ مىللەت ئەزالىرىنى مىللىي ئاڭ بويىچە تەربىيىلەشتىكى ئەھمىيىتى ناھايىتى مۇھىم. ئۇيغۇر كۈيلىرىگە، ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىسىنىڭ ئۇيغۇر ھاياتىدىكى ئىستىمال ئورنىغا قارىساق، ئۇيغۇر ھاياتىنى ئۇيغۇرنىڭ مۇزىكا سەنئىتىسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز چۈنكى ئۇيغۇر مۇزىكا ـ سەنئىتى ئۇيغۇر بولۇشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر سۈپىتىگە ئايلىنىپ بولغانلىقىدۇر.

بۈگۈنكى كۈندە ۋەتەندىكى خەلقىمىز «ئۇيغۇر بولۇش» نىڭ بەدىلىنى ئىسسىق قان بىلەن خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىدا ئۆتىمەكتە. پۈتۈن بىر مىللەت سۈپىتىدە خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا ئۇچراپ، يوقۇلۇش گىردابىدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن ئۇيغۇر كىملىكىنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى سۆيۈش ۋە بۇ تەۋەرۈك مەدەنىيەتنى ساقلاپ قېلىش ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ مىللىي ۋە ئىنسانىي مەجبۇرىيىتىدۇر.

شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۇچۇر دەۋرىدە، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ بىر گەۋدىلىشىشى تېزلەمەكتە، شۇڭا ئۇيغۇرلار ئىمكان بار دۇنيا بىلەن بىرگە گەۋدىلىشىشكە يۈزلىنىش پۇرسىتىنى مەھكەم تۇتۇشى، ئەڭ ئاددىيسى ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى جاھانغا بىلدۈرۈپ تۇرۇشى ھەر تەرەپلەردىن زۆرۈرىيەتتۇر. بولۇپمۇ دۇنيا جامائىتىنىڭ دىققىتىنى ئۇيغۇرلارغا مەركەزلەشتۈرۈشتە سەنئەتنى ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇر سەنئىتى جۈملىدىن ناخشا ـ مۇزىكىسى دۇنيا سەھنىسىگە چىقسا خەلقىمىزگە مەنىۋى شۆھرەت، ئىشەنچ، ئىززەت، ئۆزلۈك ۋە مەۋجۇتلۇق تۇيغۇسى ئېلىپ كەلسە كېلىدۇكى، ھەرگىز زىيان ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك دۇنيا ئەھلىنىڭ ئۆزىنى توغرا چۈشىنىشىگە موھتاج.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى دۇنيادىكى يىتۈك سېھرى كۈچكە ئىگە باي مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرى. بۇ مەدەنىيەت بىزنى چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىدىن قانداق ساقلاپ قالغان بولسا، كەلگۈسىدىمۇ، ئەگەر بىز بۇ گۈزەل مەدەنىيىتىمىزنى قەدىرلەشنى، سۆيۈشنى، ئۇنىڭغا توغرا ۋارىسلىق قىلىشنى بىلسەك، شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى بۇ تەۋەرۈك مەدەنىيىتىمىز بىز ئۇيغۇرلارنى ھازىرقى خىتاي بالاسىدىنمۇ ساقلاپ قالالايدۇ. چۈنكى ئىنسان تارىخى بىزگە شۇنى دەلىللىدىكى دۇنياۋىي شۆھرەت قازانغان ئالەمشۇمۇل ئىمپېرىيەلەرمۇ ئەسىرلەردىن كېيىن گۇمران بولۇپ تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولغان ئەمما كۈچلۈك مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەتلەر بولسا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى قەدىرلەش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق ساقلاپ قالالىغان.

2021 ـ يىلى 19 ـ ئاپرېل



مىسلىسىز ئۆيغىنىش

# ۋاقىت باشقۇرۇش: ئىجادىي كېچىكتۈرۈش ئۇسۇلى

براين چېيسى

www.uygurkitap.com

# ۋاقىت باشقۇرۇشتىكى ئەجادىي كېچىكتۈرۈش ئۇسۇلى

## برايىن چېيسى

«ھەر كۈنى چوڭ ۋەزىپىلەرنى تاماملاش ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىڭ. كۈندىلىك ئىش مىقدارىڭىزنى ئالدىن پىلانلاڭ. سەھەردە دەرھال قىلىنىشى كېرەك بولغان نىسبەتەن كىچىك ئىشلارنى قولدىن چىقىرىڭ. ئاندىن چوڭ ۋەزىپىلەرگە يۈزلىنىڭ ۋە شۇلارنى تاماملىغانغا قەدەر بوشاشماڭ».

«ئىجادىي كېچىكتۈرۈش» شەخسىنىڭ ئىپادىسىنى ياخشىلايدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك تېخنىكىلاردىن بىرىدۇر. ئۇ سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

ھەقىقەت شۇكى، قىلىشىڭىز كېرەك بولغان ھەممە ئىشنى بىرلا ۋاقىتتا قىلالىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا چوقۇم بەزى ئىشلارنى ئارقىغا سۈرۈشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، كىچىك ۋە ئانچە كۆرۈمسىز بولمىغان «پاقا»لارغا ئۆزىڭىزنى ئۆپىرىتىپ يۈرمەي، ھەممىدىن ئاۋۋال ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ سەت «پاقا»نى يەۋېتىڭ.

(خىزمەت ۋەھاكازالاردىكى) ئىپادىسى يارقىن كىشىلەر بىلەن ئىپادىسى ناچار كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ـ ئىنتايىن زور دەرىجىدە ـ قايسى ئىشلارنى ئارقىغا سۈرۈشنى تاللىغانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. چوقۇم قىسمەن ئىشلارنى ئارقىغا سۈرۈشكە مەجبۇر بولغانىكەنسىز، ئانچە قىممىتى يوق ئىشلارنى دەرھال ئارقىغا سۈرۈڭ. ھاياتىڭىز ئۈچۈن ھېچقانچە قىممىتى يوق ئىشلارنى كېچىكتۈرۈڭ، باشقىلارغا تاپشۇرۇڭ ياكى تامامەن ئەمەلدىن قالدۇرۇڭ. «قۇمچاق»لار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرمەي، دىققىتىڭىزنى «پاقا»لارغا مەركەزلەشتۈرۈڭ.

مانا بۇ ئىشنىڭ تۈگۈنىدۇر. ئالدىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بەلگىلەش ئۈچۈن ئارقىغا سۈرۈشكە تېگىشلىك ئىشلارنىمۇ بىلىشىڭىز كېرەك. ئالدىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ـ تېخىمۇ بالدۇر ۋە تېخىمۇ كۆپ قىلىدىغان ئىشلىرىڭىزدۇر؛ كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار بولسا، قىلغان تەقدىردىمۇ، تېخىمۇ كېيىن ۋە ئاز قىلىدىغان ئىشلىرىڭىزدۇر.

قائىدە: «ئانچە قىممىتى يوق ئىشلارنى قىلىشتىن قانچە كۆپ ۋاز كېچەلىسىڭىز، ۋاقتىڭىزنى ۋە ھاياتىڭىزنى شۇنچە ياخشى كونترول قىلالايسىز».

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ۋاقىت باشقۇرۇشتىكى ئەڭ كۈچلۈك كەلىمەلەردىن بىرى «ياق»تۇر. ۋاقتىڭىزغا ۋە ھاياتىڭىزغا نىسبەتەن، يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولمىغان ھەر ئىشقا «ياق» دېيىشىڭىز كېرەك. بۇنى (يەنى «ياق»نى) دەل ۋاقتىدا ۋە دائىم دەپ تۇرۇڭ. شۇنىسى ھەقىقەتكى، سىزنىڭ زايە قىلىۋەتسىڭىز بولىدىغان بىر دەقىقىمۇ ۋاقتىڭىز يوق.

يېڭى بىر ئىشنى باشلىيالىشىڭىز ئۈچۈن، كونا ئىشلىرىڭىزدىن بىرەرسىنى تاماملىشىڭىز ياكى قويۇپ قويۇشىڭىز كېرەك بولىدۇ. بىرىنىڭ كېلىشى ئۈچۈن يەنە بىرىنىڭ كېتىشى كېرەك بولىدۇ. بىرى كۆتۈرۈلسە يەنە بىرى چۆكىدۇ.

«ئىجادىي كېچىكتۈرۈش» سىزنىڭ ھېچبولمىغاندا نۆۋەتتە قىلىدىغان ئىشلارنىڭ نېمىلىكىنى بىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلگەن ھالدا قارار چىقىرىش قىلمىشىڭىزدۇر.

ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسىدە «ئاڭسىز كېچىكتۈرۈش (سۆرەلمىلىك)» خاھىشى مەۋجۇت. ئۇلار ھەرقانداق بىر ئىشنى ياخشى ئويلانماستىن ئارقىغا سۈرۈۋېرىدۇ. نەتىجىدە بۇ خىل كېچىكتۈرۈش ياكى ئېتىبارسىز قاراش ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ۋە خىزمىتىدە زور نەتىجىلەرگە تۈرتكە بولىدىغان، كاتتا ۋە قىممىتى بار ئىشلاردا سۆرەلمىلىك قىلىشقا ئۈزگىرىشى مۇمكىن. قانچىلىك بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، بۇ خىل ئىللەتتىن ساقلىنىشىڭىز لازىم.

قىلىشقا تېگىشلىكى، ئانچە قىممىتى يوق ئىشلارنى ئاڭلىق ھالدا كېچىكتۈرۈشتۇر. شۇنداق قىلسىڭىز، ھاياتىڭىزدا ھەقىقىي ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيسىز.

ۋاقتىڭىزنى ئالىدىغان ئىش - پائالىيەتلەرنى بېكىتىش ئۈچۈن ۋەزىپىلىرىڭىزنى ۋە مەسئۇلىيەتلىرىڭىزنى كۆزدىن كەچۈرۈشىڭىز كېرەك.

مەسىلەن، بىر دوستۇم بويتاق چاغلىرىدا گولف توپقا مەستانە بولۇپ، ھەپتىدە ئۈچ - تۆت قېتىم، ھەر قېتىمدا ئۈچ - تۆت سائەت گولف توپ ئوينايتتى.

كېيىن ئۇ تىجارەتكە كىرىشتى، ئۆيلەندى، ئىككى باللىقمۇ بولدى. لېكىن ئۇ تاكى بۇ ئويۇننىڭ ئائىلىدە ۋە خىزمەت ئورنىدا ئېغىر يىرىكچىلىكلەرگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانغا قەدەر، يەنىلا ھەپتىدە ئۈچ قېتىمدىن بەش قېتىمغىچە گولف توپ ئويناشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ گولف توپ ئويناشنى تەرك ئەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆز ھاياتىنى قايتىدىن كونترول قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

سىزمۇ ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسلىرىڭىزگە قاراپ چىقىڭ ۋە قايسىلىرىنىڭ ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئىكەنلىكىنى بەلگىلەڭ. تېلېۋىزور كۆرمەڭ ۋە شۇنىڭدىن تېجەپ قالغان ۋاقتىڭىزنى ئائىلىڭىزگە، كىتاب ئوقۇشقا، تەنھەرىكەتلەرگە ياكى ئۆزىڭىزنى يۇكسەلدۈرىدىغان باشقا ئىشلارغا ئاجرىتىڭ.

ھاياتىڭىزغا نەزەر تاشلاپ، ھەقىقىي كارغا كېلىدىغان ئىشلارغا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ئاجرىتالاش ئۈچۈن، باشقىلارغا تاپشۇرۇشقا ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولىدىغان ئىشلارنى بەلگىلەڭ. «ئىجادىي كىچىكتۈرۈش تېخنىكىسى»نى بۈگۈندىن باشلاپ ھاياتىڭىزغا تەدبىقلاڭ ۋە ھەر جەھەتتىكى «كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار» تىزىملىكىنى- تۈرغۈزۈڭ. مۇشۇنداق قارارنى- چىقىرىشىڭىز ئۆزىلا ھاياتىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە يېتىدۇ.

ئۇ پاقىنى يەۋېتىڭ!

ھاياتىڭىزنىڭ ھەر ساھەسىدە «نۆلدىن باشلاپ ئويلىنىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىڭ. ئۆزىڭىزدىن ھەردائىم شۇ سوئالنى سوراڭ: «ئەگەر ھازىرغا قەدەر شۇ ئىشنى قىلمىغان بولسام، بۈگۈنكى ئەقلىم بىلەن يەنە شۇ ئىشنى قىلارمىيدىم ياكى شۇنىڭغا ئىشتىياق باغلارمىدىم؟». ئەگەر ئۇ سىز بۈگۈنكى ئەقلىڭىز بىلەن قايتىدىن باشلاشنى خالىمايدىغان ئىش بولسا، دېمەك مەزكۇر پائالىيەت «ئىجادىي كىچىكتۈرۈش»، يەنى قويۇپ قويۇشتىكى «كۆڭۈلدىكىدەك نامزات»لاردۇر.

خۇسۇسىي ۋە خىزمەتكە ئالاقىدار پائالىيەتلىرىڭىزگە قاراپ چىقىپ، ئۇلارنى بۈگۈنكى ئەھۋالىڭىزغا قارىتا باھالاڭ. شۇلارنىڭ ئارىسىدىن دەرھال تەرك ئېتىشكە ياكى ھېچبولمىغاندا تېخىمۇ مۇھىم نىشانلىرىڭىز ئىشقا ئاشۇرۇلغانغا قەدەر كىچىكتۈرۈشكە تېگىشلىك ئىشتىن ئەڭ كەمدە بىرنى تاللاپ چىقىڭ.

«ئۇ پاقىنى يەڭ» ناملىق كىتابتىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى


خەلقئارا ۋەزىيەت
ناتو ھەققدە مەلۇمات
كمبارلىي ئامادېئو
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ھەققىدە مەلۇمات

## كىمبارلىي ئامادېئو

شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى (North Atlantic Treaty Organization) (تۆۋەندە خەلقئارادا ئومۇملاشقان ئادەت بويىچە، ئىنگلىزچە ئىسمىنىڭ باش ھەرپلىرىنىڭ قىسقارتىلمىسى بولغان NATO ــــ «ناتو» دېگەن ئىسىم قوللىنىلىدۇ) شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى 30 دۆلەتنىڭ ئىتتىپاقىدۇر. مەزكۇر ئىتتىپاق ئامېرىكانى، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى، ئەنگلىيەنى، كانادانى ۋە تۈركىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ناتوغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي ھەربىي خامچوتىنىڭ تۆتتىن ئۈچىنى ئامېرىكا تەشكىل قىلىدۇ. دونالد ترامپ 2016 ـ يىلىدىكى پرېزىدېنتلىق سايلىمى پائالىيىتى جەريانىدا، ناتونىڭ باشقا ئەزالىرىنىڭ ھەربىي خامچوتىنى تېخىمۇ كۆپەيتىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقان. 2019 ـ يىلىغا كەلگەندە، ناتوغا ئەزا دۆلەتلەردىن پەقەت ئونىلا ھەربىي خامچوتىنى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئىككى پىرسەنتىگە يەتكۈزۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغان.

2018 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ناتو باشلىقلار يىغىنىدا، پرېزىدېنت ترامپ ناتوغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت مۇداپىئە چىقىمىنى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ تۆت پىرسەنتىگە يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭغا ئامېرىكانىڭ ئاۋۋال ئەمەل قىلغانلىقىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە، ئامېرىكانىڭ 2020 ـ يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 3.87 پىرسەنتىنى دۆلەت مۇداپىئەسىگە سەرپ قىلىشى مۆلچەرلەنگەن.

ترامپ يەنە گېرمانىيەنىڭ ئامېرىكادىن ئۆزىنى رۇسىيەدىن قوغدىشىنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رۇسىيەدىن نەچچە مىليارد دوللارلىق تەبىئىي گاز ئىمپورت قىلىشىنى ئەيىبلىدى. ئۇ ناتونى «ۋاقتى ئۆتتى» دېدى. ئۇ بۇ تەشكىلاتنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇشنىڭ ئورنىغا ياۋروپانى رۇسىيەنىڭ تەھدىتىدىن قوغداش بىلەن ھەپىلىشىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەزا دۆلەتلەر ترامپنىڭ ناتونى

تەنقىد قىلىشى ۋە رۇسىيە رەھبىرى ۋىلادىمىر پۇتىننى ماختىشى سەۋەبلىك، ئۆزلىرى ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا ئامېرىكاغا ئىتتىپاقداش سۈپىتىدە تايانغىلى بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەشمەكتە.

## نىشانى

ناتونىڭ ۋەزىپىسى ئۆز ئەزالىرىنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداشتۇر. ئۇنىڭ نىشانى كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللار، تېرورلۇق ۋە تور ھۇجۇمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ناتو ئۆزىنىڭ 2018-يىلى 7-ئاينىڭ 11-كۈنىدىكى يىغىنىدا، رۇسىيەنى چەكلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى تەدبىرلەرنى تەستىقلىدى. مەزكۇر تەدبىرلەر يېڭىدىن ئىككى ھەربىي قوماندانلىق شتابى قۇرۇش، تور ئۇرۇشىغا ۋە تېرورلۇققا قارشى ھەرىكەتلەرنىڭ سالمىقىنى كۈچەيتىش؛ رۇسىيەنىڭ پولشا ۋە بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىگە قاراتقان تاجاۋۇزچىلىقىنى توسۇشقا ئالاقىدار يېڭى پىلان قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2016-يىلى 7-ئايدا، ناتو بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىگە ۋە پولشانىڭ شەرقىگە 4000 ئەسكەر ئەۋەتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنداقلا، رۇسىيە ئۇكرائىناغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، ناتو ئۆزىنىڭ شەرقىي سېپىدىكى ھاۋا ۋە دېڭىز چارلاشلىرىنى كۈچەيتتى.

2015-يىلى 11-ئاينىڭ 16-كۈنى، ناتو پارىژدىكى تېرورلۇق ھۇجۇمىغا ئىنكاس قايتۇردى. ئۇ ياۋروپا ئىتتىپاقى، فىرانسىيە ۋە ناتوغا ئەزا دۆلەتلەرنى بىرلىكسەپ ھاسىل قىلىشقا چاقىرىق قىلدى. فىرانسىيە «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدىنامىسى»نىڭ 5-ماددىسىغا مۇراجىئەت قىلمىدى. شۇنداق قىلغان تەقدىردە، بۇ «ئىراق ۋە شام ئىسلام دۆلىتى»گە قارشى رەسمىي جەڭ ئېلان قىلغانلىق بولاتتى. فىرانسىيە ئۆز ئالدىغا ھاۋا ھۇجۇمى قىلىشنى تاللىدى. 5-ماددىدا: «(ئەزا دۆلەتلەرنىڭ) بىرەرسىگە قوراللىق ھۇجۇم قىلىش ... ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قىلىنغان ھۇجۇم دەپ قارىلىدۇ» دېيىلگەن.

* مەزكۇر «5 - ماددا»غا پەقەت بىر قېتىملا، يەنە «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن مۇراجىئەت قىلىنىپ باققان.

ناتو ئامېرىكانىڭ ئافغانىستان ئۇرۇشىدا ئۆزىگە ياردەم بېرىش تەلىپىگە ئاۋاز قوشۇپ، 2003-يىلى 8-ئايدىن 2014-يىلى 12-ئايغىچە (مەزكۇر ئۇرۇشتا) باشلامچىلىق رولىنى ئوينىدى. بۇ خىل ھەربىي مۇداخىلە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان چاغلاردا، ناتو ئافغانىستانغا 130 مىڭ ئەسكەر

ئۇرۇنلاشتۇردى. 2015 ـ يىلى، ئۇ ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئافغانىستان دۆلەت ئارمىيەسىنى (تالىبانغا قارشى) قوللاشقا باشلىدى.

ناتونىڭ قوغداش دائىرىسى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئۇرۇشى ياكى ئىچكى سىياسىي ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. 2016 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، تۈركىيە ئارمىيەسى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ھۆكۈمەتنى كونتروللۇقى ئاستىغا ئالغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەمما، تۈركىيە پرېزىدېنتى رەجەپ تاييىپ ئەردوغان 16 ـ ئىيۇل سەھەردە مەزكۇر سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. تۈركىيە ناتوغا ئەزا دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. ئەمما، سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە، ئەزا دۆلەتلەر ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئەگەر مۇقىملىق تەھدىتى كۆرۈلسە، ناتو ئۆزىگە ئەزا بولمىغان دۆلەتلەرنىمۇ قوغدايدۇ. 2014 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ناتو قولىدا رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا بېسىپ كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان سۈرەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئېلان قىلدى. گەرچە ئۇكرائىنا ناتوغا ئەزا بولمىسىمۇ، ئەمما كۆپ يىللاردىن بۇيان ناتو بىلەن ھەمكارلىشىپ كەلگەنىدى. رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلىشى شۇ ئەتراپتىكى ناتو ئەزالىرىنى تەھدىتكە ئۇچراتقان. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سابىق بېقىندى دۆلەتلىرىنىڭ رۇسىيەنىڭ كېيىنكى نىشانى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشكەنىدى.

نەتىجىدە، ناتونىڭ 2014 ـ يىلى 9 ـ ئايدىكى باشلىقلار يىغىنىدا رۇسىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى مەركەزلىك مۇھاكىمە قىلىنغان. پرېزىدېنت پۇتىن ئۇكرائىنانىڭ شەرقىي رايونلىرىدا «يېڭى رۇسىيە» قۇرۇشقا قەسەم قىلدى. پرېزىدېنت ئوباما لاتۋىيە، لىتۋانىيە، ئېستونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى قوغداشقا ۋەدە بەردى.

ناتو «تىنچلىقنى ساقلاش ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ تىنچلىق ئورنىتىشتەك مۇشكۈللىشىپ كەتتى» دەپ ئېتىراپ قىلدى ۋە شۇ سەۋەبلىك دۇنيا مىقياسىدا ئىتتىپاقداشلىقىنى كۈچەيتىشكە ھەرىكەت قىلدى. يەر شارىلىشىش دەۋرىدە، ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش نوقۇل ھەربىي كۈچتىن ھالقىغان ھالدا، دۇنيانىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىغا موھتاج بولماقتا.

### ئەزا دۆلەتلەر

ناتونىڭ 30 ئەزاسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ئالبانىيە، بېلگىيە، بۇلغارىيە، كانادا، كرودىيە، چېخ، دانىيە، ئېستونىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، گرېتسىيە، ۋېنگرىيە، ئىسلاندىيە، ئىتالىيە، لاتۋىيە، لىتۋانىيە، لىيۇكسېمبۇرگ، قاراتاغ، گوللاندىيە، شىمالىي ماكېدونىيە، نورۋېگىيە، پولشا، پورتۇگالىيە، رۇمىنىيە، سلوۋاكىيە، سلوۋېنىيە، ئىسپانىيە، تۈركىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا.

ھەر بىر ئەزا دۆلەت ناتودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى تەيىنلەيدۇ، ناتو كومىتېتىدا خىزمەت قىلىدىغان خادىملار بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە ناتونىڭ مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىدۇ. ناتوغا ئەۋەتىلىدىغان مەزكۇر خادىملار بىر دۆلەتنىڭ پرېزىدېنتى، باش مىنىستىرى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ياكى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2015 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ناتو 2009 - يىلىدىن بۇيان تۇنجى قېتىم كېڭەيگەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، قاراتاغ جۇمھۇرىيىتىنى ئەزالىققا قوبۇل قىلدى. رۇسىيە بۇ ھەرىكەتنى ئۆزىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە قارىتىلغان ئىستراتېگىيەلىك تەھدىت دەپ ئاتىدى. ئۇ ئۆزىگە قوشنا بالقان دۆلەتلىرى ئارىسىدا ناتوغا ئەزا بولغانلارنىڭ سانىنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن ئەندىشە قىلماقتا.

### ئىتتىپاقداشلىق

ناتو يەنە ئۆز تەسىر كۈچىنى ئۆزىگە ئەزا 30 دۆلەتتىن ھالقىتىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ ئىتتىپاققا ئەزا بولغان:

بىرىنچىسى، «ياۋرو - ئاتلانتىك ئوكيان ھەمكارلىق كېڭىشى»دۇر. مەزكۇر ئاپپارات ئۆزىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ناتوغا ئەزا بولۇشىغا ياردەم بېرىدىغان بولۇپ، ئۇ ناتونىڭ مۇددىئاسىنى قوللايدىغان، ئەمما ناتوغا ئەزا بولمىغان 20 دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ 1991 - يىلى قۇرۇلغان.

ئىككىنچىسى، ئوتتۇرا شەرقتە مۇقىملىق بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغان «ئوتتۇرا دېڭىز دىيالوگى»دۇر. ئۇنىڭ ناتوغا ئەزا بولمىغان ئەزالىرى ئالجىرىيە، مىسىر، ئىسرائىلىيە، ئىئوردانىيە، ماۋرىتانىيە، ماراكەش ۋە تۇنىسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزكۇر سۇپا 1994 - يىلى قۇرۇلغان.

ئۈچىنچىسى، تېخىمۇ كەڭ ئوتتۇرا شەرق رايونىدا تىنچلىق بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغان «ئىستانبۇل ھەمكارلىق تەشەببۇسى»دۇر. ئۇ «دېڭىز قولتۇقى ھەمكارلىق كېڭىشى»نىڭ بەھرەين،

كۇۋەيت، قاتار ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق تۆت ئەزاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، 2004 ـ يىلى باشلانغان.

ناتو يەنە ئورتاق بىخەتەرلىك مەسىلىسىدە، تۆۋەندىكى توققۇز دۆلەت بىلەن ھەمكارلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېلاندىيە، ياپونىيە، كورېيە، موڭغۇلىيە قاتارلىق بەش دۆلەت ئاسىيادا (گەرچە ئاۋستىرالىيە بىلەن يېڭى زېلاندىيە جۇغراپىيەلىك نۇقتىدىن ئاسىياغا تەۋە بولمىسىمۇ، بۇ يەردە سىياسىي نۇقتىدىن ئاسىياغا تەۋە قىلىنغان، ت)؛ بىرسى، يەنى كولۇمبىيە جەنۇبىي ئامېرىكادا؛ ئافغانىستان، ئىراق ۋە پاكىستاندىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت ئوتتۇرا شەرقتە.

## تارىخى

ناتونىڭ قۇرغۇچى ئەزالىرى 1949 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدىنامىسى»نى ئىمزالىدى. ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، دۇنيا بانكىسى ۋە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى بىلەن ھەمكارلاشتى.

ناتونىڭ قۇرۇلۇشتىكى ئاساسلىق مۇددىئاسى ئەزا دۆلەتلەرنى كوممۇنىستىك دۆلەتلەرنىڭ تەھدىتىدىن قوغداش ئىدى. شۇنداقلا، ئامېرىكا يەنە (مەزكۇر تەشكىلات ئارقىلىق) ياۋروپادىكى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالماقچى ئىدى. ئۆز نۆۋىتىدە، ناتو يەنە (بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدىدىكىدەك) تاجاۋۇز خاراكتېرلىك مىللەتچىلىكنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە سىياسىي ئىتتىپاقداشلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇرۇنۇشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ناتو ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىشىنى مۇمكىنچىلىككە ئىگە قىلغان. شۇنداقلا، ئامېرىكانىڭ ياۋروپا دۆلەتلىرىنى (ناتونى سۇپا قىلغان ھالدا) ھەربىي جەھەتتىن قوغدىشى، ئۇلارنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ۋەيرانچىلىقتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىخەتەر مۇھىت بىلەن تەمىنلىگەن.

غەربىي گېرمانىيە ناتوغا ئەزا بولغاندىن كېيىن، كوممۇنىستىك دۆلەتلەر «ۋارشاۋا شەرتنامىسى ئىتتىپاقى»نى قۇردى. مەزكۇر ئىتتىپاق سوۋېت ئىتتىپاقى، بۇلغارىيە، ۋېنگرىيە، رۇمىنىيە، پولشا، چېخسلوۋاكىيە ۋە شەرقىي گېرمانىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇنىڭغا قارىتا، ناتو «كەڭ كۆلەملىك ئۆچ ئېلىش» سىياستىنى يولغا قويۇپ، «ۋارشاۋا شەرتنامىسى ئىتتىپاقى» (ناتوغا) ھۇجۇم قىلغان تەقدىردە، ئۆزىنىڭ يادرو قورالىرى ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئېنىق جاكارلىدى. ناتونىڭ بۇ خىل (تەھدىتكار) چۈچۈتۈش سىياستى ياۋروپانىڭ بار كۈچىنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا مەركەزلەشتۈرۈشىگە ئىمكانىيەت ياراتتى. ئۇ زور كۆلەملىك مۇنتىزىم قوشۇن قۇرۇشقا موھتاج بولمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى (ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئورنىغا) ھەربىي كۈچىنى داۋاملىق زورايتتى. سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئارانلا ئامېرىكانىڭكىنىڭ ئۈچتىن بىرىچىلىك بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەربىي خىراجىتى ئامېرىكانىڭكىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى. 1989-يىلى بېرلىن تېمىنىڭ ئۆرۈلۈشىگە ھەم ئىقتىسادىي، ھەم ئىدېئولوگىيەلىك ئامىللار سەۋەب بولغانىدى.

1991 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ناتونىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يۇمشىدى. 1997-يىلى، ئىككى تەرەپ «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى - رۇسىيە ئاساسىي ئەھدىنامىسى»نى ئىمزالاپ، قوش تەرەپلىك ھەمكارلىق ئورناتتى. 2002-يىلى، ئۇلار يەنە «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى - روسىيە كېڭىشى»نى قۇرۇپ، ئورتاق بىخەتەرلىك مەسىلىسىدە ھەمكارلاشتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى بېقىندى دۆلەتلىرىدە داۋالغۇش پەيدا قىلدى. 1999 - يىلى يۇگوسلاۋىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇشى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئايلانغاندا، ناتو ئۇرۇشقا قول تىقىپ، توققۇز كۈنلۈك ھاۋا ھۇجۇمى ئارقىلىق ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇردى. شۇ يىلى 12- ئايغا كەلگەندە، ناتو مەزكۇر رايونغا 60 مىڭ ئەسكەردىن تەركىب تاپقان تىنچلىق ساقلاش قىسمى ئورۇنلاشتۇردى. 2004-يىلى ناتو مەزكۇر فۇنكسىيەنى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بۇ يەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇشنى ئاياغلاشتۇردى.

## قىزىل سىزىق

30 ئەزا دۆلەتتە دېموكراتىك ئەركىنلىكنى قوغداش ھېلىھەم ناتونىڭ يادرولۇق مۇددىئاسىدۇر. سىياسىي ۋە ھەربىي ئىتتىپاق بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەزكۇر ئىتتىپاقنىڭ يەر شارى بىخەتەرلىكىگە بولغان ئەھمىيىتى يەنىلا ئىنتايىن مۇھىم.

ئۇنىڭ 1949-يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىزچىل داۋام قىلالىشى ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىيەنى، ئەركىنلىكنى ۋە ئەركىن بازار ئىقتىسادىنى قوغدايدىغان ئورتاق قىممەت قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ناتو ھېلىھەم ئامېرىكانىڭ ئەڭ مۇھىم ئىتتىپاقدىشىدۇر.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

مەنبە:
https://www.thebalance.com/nato-purpose-history-members-and-alliances-3306116


مسلىسىز ئويغىنىش
غەزەب ۋە ئۇنى تىزگىنلەش
فلىپ زىمباردو

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# غەزەب ۋە ئۇنى تىزگىنلەش

**پسخولوگ فىلىپ زىمباردو (ئامېرىكا)**

ئادەتتە، كىشىلەر ھۇجۇم ۋە زوراۋانلىققا باغلىنىپ كەتكەن، «غەزەپ»تىن ئىبارەت بۇ پاسسىپ كەيپىياتقا سەلبىي نەزەردە قارىشىدۇ. ھالبۇكى، پسخولوگلار «مۇۋاپىق تىزگىنلەنگەن تەقدىردە، غەزەپ ئاكتىپ رول ئوينىيالايدۇ، چۈنكى غەزەپ باشقىلارنى شۇ كىشىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىدىن ۋاقىپلاندۇرىدۇ. كىشىنىڭ ئۆز ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولالايدۇ، شۇنداقلا كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە ساقلانغان مەسىلىلەرنى بايقىشىغا ياردەم قىلىدۇ» دەپ قارايدۇ.

كۆپىنچە كىشىلەر ھەپتىدە بىر قانچە قېتىم غەزەپلىنىدىغان، شۇنداقلا غەزىپىنى مۇئەييەن چەكتىن ئاشۇرىۋەتمەسلىككە تىرىشىدىغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بۇ جەھەتتە چەكتىن ئېشىپ، ئىنتايىن كۆپ غەزەپلىنىدۇ ـ دە، نەتىجىدە بۇ ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدىكى كىشىلەر چوقۇم بۇ جەھەتتە داۋالىنىشى كېرەك.

ئۇنداقتا، چېكىدىن ئاشقان غەزەپلىنىش ئىللىتىنى قانداق داۋالاش كېرەك؟ كولورادو شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتتىكى جېرىي دېففېنباچېرغا (Jerry Deffenbacher) كۆرە، بۇ جەھەتتىكى ئەڭ ياخشى داۋالاش ئۇسۇلى: ئازادىلىك مەشىقى، بىلىش قىلمىشى ئارقىلىق داۋالاش ۋە ماھارەت يېتىلدۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشتۇر. مەزكۇر داۋالاش جەريانىدا، بىمارلار ئاسانلا ئۆزىنى غەزەپلەندۈرىدىغان (مەسىلەن، باشقا ماشىنىلار تەرىپىدىن يولى توسۇۋېلىنىش دېگەندەك) ئىشلارغا يولۇققاندا، دەرھال كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرالايدىغان بولغۇچە ئىزچىل ئۆزىنى ئازادە تۇتۇشنى مەشىق قىلىدۇ.

مەزكۇر داۋالاشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى بىلىش قىلمىشى ئارقىلىق داۋالاشتۇر. بىلىش قىلمىشى ئارقىلىق داۋالاش بىمارلارغا مەلۇم بىر خىل ئەھۋالغا يولۇققاندا، ئۇنى ئۆزىنى غەزەپلەندۈرىدىغان شەكىلدە ئەمەس، بەلكى باشقىچە ئۇسۇلدا چۈشىنىشنى ئۆگىتىدۇ. مەسىلەن، موتوسىكلىت مىنگۈچىنىڭ يولى ماشىنا تەرىپىدىن توسۇۋېلىنسا، ئۇ «تېرىكسەم يولدا ئاسانلا ۋەقە چىقىرىپ قويۇشۇم مۇمكىن، ئەمما مېنىڭ قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچرىغۇم يوق (شۇڭا بۇنچىلىك ئىشلارغا چېچىلىپ يۈرمەي)» دەپ ئويلىشى كېرەك.

داۋالاشنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى (كەيپىيات تىزگىنلەش جەھەتتىكى) ماھارەتلەرنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاشتۇر. ئاسان غەزەپلىنىدىغان شوپۇرغا نىسبەتەن، مەزكۇر باسقۇچتىكى داۋالىنىش ماشىنىنى قانداق بىخەتەر ھەيدەشنى ئۆگىنىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

غەزەپ باشقۇرۇش مۇتەخەسسىسى مېلۋىن فېين (Melvyn Fein) «ئۇنىۋېرسال غەزەپ باشقۇرۇش» ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، مەزكۇر ئۇسۇلدا دېفېنباچېرنىڭ داۋالاش مېتودىغا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك مەزمۇن قوشۇلغان:

1. غەزەپنىڭ تىزگىندىن چىقماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنى بىخەتەر (مۇۋاپىق) شەكىلدە ئىپادىلەشنى ئۆگىنىش.

2. «تەڭسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقتىن قورسىقى كۆپۈش ياكى ئەھمىيىتى بار بىرەر نىشاننى ئىشقا ئاشۇرالمىغانلىقتىن تېرىكىش» دېگەندەك، غەزەپكە سەۋەب بولغان يوشۇرۇن ئامىلنى تېپىپ چىقىش.

3. غەزەپلىنىشكە سەۋەب بولىدىغان، رېئاللىقتىن چەتنىگەن نىشانلاردىن ۋاز كېچىشنى ئۆگىنىۋېلىش. مەسىلەن، «غەزەپلىنىشىم باشقىلارنىڭ <توغرا ئىش> قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ» دېگەندەك چۈشەنچىلەرنى تەرك ئېتىش.

بارلىق مۇتەخەسسىسلەر ئورتاق ھالدا «كۆپىنچە كىشىلەردە غەزەپكە نىسبەتەن خەتەرلىك خاتا تونۇشلار مەۋجۇت» دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، كىنولاردا كىشىلەر قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىش ئۈچۈن باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىشىدۇ ياكى ئۇلارنى ھاقارەتلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل نامۇۋاپىق ئۇچ ئېلىش قىلمىشى كىشىگە بىردەملىك قانائەتتىن باشقا ھېچنەرسە ئېلىپ كېلەلمەيدۇ.

سىز ئۆچ ئېلىشقا ئادەتلەنگەنسېرى، تېخىمۇ تېرىككەكلىشىپ، ئەسلىدىكىدىن كىچىك ئىشلارغىمۇ سەكرەپ كېتىدىغان بولۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. نۇرغۇن پسىخولوگلارنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن شۇ نەرسە ئىسپاتلاندىكى، سىز بىراۋدىن غەزەپلەنگەندە، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىش ياكى زەخمە يەتكۈزۈش كەيپىياتىڭىزنى تىنچلاندۇرالمايلا قالماستىن، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەھۋاللاردا سىزدىكى سەلبىي كەيپىياتنى تېخىمۇ ئەدىتىۋېتىدۇ. شۇڭا، قىساس ئاداۋەتنى تۈگىتەلمەيلا قالماستىن، تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. بۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا سانسىز قېتىم كۆرۈلگەن ھادىسىدۇر. ئابروي، ھوقۇق، ماقام ۋە شان ـ شەرەپكە ئالاقىدار نۇرغۇن ئۇرۇشلار مەزكۇر نۇقتىنى دەلىللەيدۇ. ئاقىلانە ۋە بىخەتەر ئۇسۇل ئۆز كەيپىياتىڭىزنى تىزگىنلەپ، ھېچبولمىغاندا كەيپىياتىڭىز تۇراقلاشقاندا، ئاندىن توقۇنۇشنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئويلىنىپ، ئاندىن مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا قارار چىقىرىشتۇر. نورمال ئەھۋالدا، سىزنى غەزەپلەندۈرگۈچى بىلەن ئوچۇق ـ يورۇق پاراڭلىشىپ، ئۆز ھېسسىياتىڭىزنى ئىجابىي شەكىلدە چۈشەندۈرۈشنىڭ ئۆزىلا جىددىيلىكنى پەسەيتىشكە يېتىپ ئاشىدۇ.

فىلىپ زىمباردونىڭ «ھەممىباب پسىخولوگىيە» ناملىق ئەسىرىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمە قىلدى




www.uyghurkitap.com

# يۈرەكنىڭ سوقۇش رىتمى ھەققىدە مۇھىم ئۇچۇرلار

مەيلى جىم تۇرغان چېغىڭىزدىكى، ياكى ھەرىكەت قىلغان ۋاقتىڭىزدىكى يۈرەك سوقۇشىڭىز يۈرەك كېسىلى قوزغىلىش خەۋپىڭىزنى ۋە ئوكسىگېنلىق ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىڭىزنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

مومكىن بەلكىم سىزگە «يۈرىكىڭ سىنىڭ ماياتىنىكىڭدۇر» دەپ ئۆگەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئەمەلىيەت بۇ «لەقەم»نىڭ يۈرەككە تازا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. چۈنكى، ساغلام يۈرەك سائەتكە ئوخشاش بىرلا خىل رىتىمدا سوقمايدۇ. كۈندىلىك پائالىيەتلىرىڭىزنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، يۈرەك سىزنىڭ ئوكسىگېنغا بولغان ئېھتىياجىڭىزغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئۆز سۈرئىتىنى گاھى تېزلىتىپ، گاھى ئاستىلىتىدۇ. پەرقلىق كىشىلەر ئۈچۈن «نورمال» يۈرەك سوقۇش ئۆلچىمىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. لېكىن، ئىنسان جىم تۇرغان ۋاقىتتا يۈرىكىنىڭ زىيادە تېز سوقۇشى ياكى ھەرىكەت ھالىتىدىكى ئەڭ يۇقىرى يۈرەك سوقۇشىنىڭ زىيادە ئاستا بولۇشى يۈرەك كېسىلى قوزغىلىش ۋە شۇ سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتىش خەۋپىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن.

بۇ جەھەتتە، كىشىلەر ئۆز ئالدىغا قىلالايدىغان ئىشلاردىن بىرى ئۆزىنىڭ جىم تۇرغان چاغدىكى يۈرەك سوقۇشىنى ئۆلچەشتۇر. بۇنى ئۆلچەش تولىمۇ ئاسان، ھەم بۇنىڭدىن ئېرىشكەن ئۇچۇر سىزگە ئوبدان ئەسقاتىدۇ. ئۆزىڭىزگە نىسبەتەن نورمال ھالەتنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا چۈشەنچە ھاسىل قىلىش، شۇنداقلا يۈرەك رىتىمىڭىزدىكى بىنورمال ئۆزگىرىش ياكى داۋالىنىشنى تەقەززا قىلىدىغان قانۇنىيەتلىك مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن، پات ـ پات يۈرەك سوقۇشىڭىزنى ئۆلچەپ تۇرۇش سىز ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

## جىم تۇرغان چاغدىكى يۈرەك رىتىمىڭىز

جىم تۇرغان ۋاقتىڭىزدا، يۈرىكىڭىز بەدىنىڭىزنى ئېھتىياجلىق ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ئەڭ تۆۋەن مىقداردا قان ئېتىلدۇرۇپ چىقىرىدۇ. قۇرامىغا يەتكەن ساغلام ئەر ـ ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ جىم تۇرغان ۋاقىتتىكى يۈرەك سوقۇشى مىنۇتىغا ئاتمىشتىن يۈز قېتىمغىچە بولىدۇ. ھالبۇكى، «ئاياللار ساغلاملىقى مەسلىھەتچىسى»نىڭ (WHI) 2010 ـ يىلىدىكى دوكلاتىدا

www.uyghurkitap.com

كۆرستىلىشىچە، جىم تۇرغان چاغدىكى يۈرەك سوقۇشىنىڭ مەزكۇر دائىرىنىڭ تۆۋەنكى چېكىگە (يەنى ئاتمىش قېتىمغا) يېقىن بولۇشى، يۈرەك كېسىلى قوزغىلىش خەۋپىنى بەلگىلىك دەرىجىدە تۆۋەنلىتىشى مۇمكىن ئىكەن. «ئاياللار ساغلاملىقى مەسلىھەتچىسى»نىڭ تەتقىقاتچىلىرى ئادەت كۆرۈشتىن توختىغان 129 مىڭ 135 ئايالغا ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، جىم تۇرغان چاغدىكى يۈرەك سوقۇشى ئەڭ يۇقىرى ــــ يەنى مىنۇتىغا 76 قېتىمدىن كۆپ سوقىدىغان ــــ كىشىلەرنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىش ياكى شۇ سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنىڭ جىم تۇرغان چاغدىكى يۈرەك سوقۇشى ئەڭ تۆۋەن ــــ يەنى مىنۇتىغا 62 قېتىم ياكى ئېخمۇ ئاز سوقىدىغان ــــ كىشىلەرنىڭكىدىن 26 پىرسەنت يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئەگەر سىزنىڭ جىم تۇرغان چاغدىكى يۈرەك سوقۇشىڭىز ئىزچىل ھالدا مىنۇتىغا 80 قېتىمدىن يۇقىرى بولسا، بۇ يۈرەك رىتىمىڭىز ۋە باشقا شەخسىي ئامىللارنىڭ يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىڭىزگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە دوختۇر بىلەن پاراڭلىشىپ بېقىشىڭىز كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## ئەڭ يۇقىرى (يەنى ھەرىكەت قىلغان چاغدىكى) يۈرەك رىتىمىڭىز

يۈرىكىڭىز بەدىنىڭىزنىڭ ئوكسىگېن ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئىشلەۋاتقان چاغدىكى يۈرەك سوقۇش تېزلىكىڭىز سىزنىڭ ئەڭ يۇقىرى يۈرەك رىتىمىڭىزدۇر. ئەڭ يۇقىرى يۈرەك رىتىمىڭىز سىزنىڭ ئوكسىگېنلىق ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىڭىز ــــ يەنى قانچىلىك ئوكسىگېن خورىتالايدىغانلىقىڭىز ــــ نى بەلگىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىر قانچە تۈرلۈك چوڭ تىپتىكى كۆزىتىش خاراكتېرلىك تەتقىقاتتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئوكسىگېنلىق ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىش ۋە شۇ سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتىش خەۋپى نىسبەتەن تۆۋەن بولىدىكەن. مەلۇم بىر كىچىك تىپلىق سىلىشتۇرما تەجرىبىدە كۆرسىتىلىشىچە، يېنىك دەرىجىدىكى بىلىش ئىقتىدارى توسالغۇسىغا ئۇچرىغان ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئوكسىگېنلىق ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەستە تۇتۇش ۋە ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش سىناقلىرىدىكى ئىپادىسىمۇ ياخشىلانغان.

## چېنىقىشنىڭ پايدىسى

(يۈگۈرۈش، توپ ئويناش دېگەندەك) جىددىي ھەرىكەتلەرنى قىلىش، ھەم جىم تۇرغان چاغدىكى يۈرەك سوقۇشىڭىزنى تۆۋەنلىتىشنىڭ، ھەم ھەرىكەت قىلغان چاغدىكى يۈرەك سوقۇشىڭىزنى ۋە ئوكسىگېنلىق ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىڭىزنى ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىدۇر. ئەڭ يۇقىرى

يۈرەك رىتىمىنى بىر نەچچە مىنۇتتىن ئارتۇق داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىغاچقا، فىزىئولوگلار چېنىقىش جەريانىدا ئەڭ يۇقىرى يۈرەك رىتىمىنىڭ مۇئەييەن نىسبىتىنى نىشان قىلىپ بەلگىلەشنى تەۋسىيە قىلغان. مەسىلەن، ئەگەر سىز چېنىقىش پروگراممىسىنى يېڭى باشلىغان بولسىڭىز، دەسلەپتە يۈرەك سوقۇشىڭىزنى ئەڭ يۇقىرى يۈرەك سوقۇش رىتىمىنىڭ 50 پىرسەنتىگە يەتكۈزۈشنى نىشان قىلسىڭىز، ئاندىن بۇ نىسبەتنى ئاستا ـ ئاستا 70 ~ 80 پىرسەنتكە چىقارسىڭىز بولىدۇ.

لېكىن، ئەگەر سىز ئىلگىرى قەرەللىك چېنىقىپ تۇرمىغان بولسىڭىز، يۈرەك رىتىمى نىشانىنى بەلگىلەشتىن بۇرۇن، دوختۇرنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشىڭىز كېرەك. بەزى دورىلار، بولۇپمۇ يۈرەك رىتىمىنى كونترول قىلىش، ئېغىر دەرىجىدىكى كۆكرەك ئاغرىقىنى داۋالاش ۋە قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دورىلار يۈرەك رىتىمىڭىزنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. بۇ جەھەتتە، دوختۇر رېئال، ئۆزىڭىزگە ماس كېلىدىغان نىشان بەلگىلىشىڭىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ.

## يۈرەك سوقۇشى قانداق ئۆلچىنىدۇ؟

گەرچە سىز بوينىڭىز، جەينەك ئويۇقىڭىز (يەنى جەينىكىڭىزنىڭ ئىچى تەرىپى)، ھەتتا پۇتىڭىزنىڭ دۈمبىسى قاتارلىق خېلى كۆپ ئورۇنلاردا تومۇر سوقۇشىڭىزنى ھېس قىلالىسىڭىزمۇ، بېغىشىڭىز يۈرەك سوقۇشىنى ئۆلچەشتىكى ئەڭ قولايلىق ۋە ئىشەنچلىك ئورۇن بولۇشى مۇمكىن.



يۈقىرىدىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگىنىدەك، كۆرسەتكۈچ ۋە ئوتتۇرا بارمىقىڭىز بىلەن بېغىشىڭىزنى، يەنى باش بارمىقىڭىزنىڭ گۆشلۈك قىسمىنىڭ ئاستى تەرىپىنى بېسىڭ. تومۇر سوقۇشىنى بايقىغانغا قەدەر، بۇ ئىككى بارمىقىڭىزنى ئۇيان - بۇيانغا يېنىك سىيرىڭ. بەك قاتتىق بېسىۋەتسىڭىز، تومۇردىكى قان ئايلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى مۇمكىن. يۈرىكىڭىزنىڭ 15 سېكۇنت ئىچىدىكى سوقۇش قېتىم سانىنى ساناپ، بۇ سانىنى تۆتكە كۆپەيتىش ئارقىلىق خېلىلا توغرا نەتىجىگە ئېرىشەلەيسىز.

جىم تۇرغان چاغدىكى يۈرەك سوقۇشىڭىزنى سەھەردە، ھەتتا ئەمدىلا ئويغانغان، ئەمما تېخى ئورنىڭىزدىن تۇرمىغاندا ئۆلچىسىڭىز ئەڭ ياخشى بولىدۇ. ئەڭ يۇقىرى يۈرەك سوقۇش رىتىمىڭىزنى بولسا، ئىمكانقەدەر كۈچلۈك ھەرىكەت قىلغاندىن كېيىن دەرھال ئۆلچىسىڭىز بولىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| چېنىققاندا نىشان قىلىشقا بولىدىغان يۈرەك رىتمى | ھەر مىنۇتتىكى ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى يۈرەك رىتمى | ياش |
| 90 ~ 153 | 180 | 40 |
| 80 ~ 148 | 175 | 45 |
| 85 ~ 145 | 170 | 50 |
| 83 ~ 140 | 165 | 55 |
| 80 ~ 136 | 160 | 60 |
| 78 ~ 132 | 155 | 65 |
| 75 ~ 128 | 150 | 70 |

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى


مەنبە:

https://www.health.harvard.edu/heart_health/what_your_heart_rate_is_telling_you

مىسلىسىز ئويغىنىش

NEWLINES INSTITUTE
FOR STRATEGY AND POLICY

# THE UYGH
# GENOCIDE

Examination of China's

the 1948 Genocide Conve

ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى

## «يېڭى لىنىيە» ئىستراتېگىيە ۋە سىياسەت ئىنستىتۇتى

**خىتاينىڭ 1948 ـ يىلى تۈزۈلگەن «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»گە خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش**

**2021 ـ يىلى 3 ـ ئاي**

**(بېشى ئالدىنقىساندا)**

### 4. ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشى

خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە جازا لاگېرلىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا، ئۇيغۇرلارنى ئۇزۇن مۇددەت مەجبۇرىي ئەمگەككە سالىدىغان، تۈزۈملەشكەن سىستېما بەرپا قىلدى. ئۇيغۇر تۇتقۇنلىرى سىستېمىلىق ھالدا لاگېرلارغا يېقىن جايلاردىكى، ياكى شەرقىي تۈركىستاندىكى شۇ يەردىن نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى، ۋەياكى خىتاينىڭ شەرقىي رايونلىرىدىكى پاختا ئېتىزلىرىغا ۋە زاۋۇتلارغا يۆتكەلدى. مەجبۇرىي ئەمگەك پروگراممىلىرىنى جازا لاگېرلىرىغا باغلاپ چۈشىنىشكە بولىدۇ، چۈنكى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەتتە، ئوخشاش فورما كىيگەن كىشىلەرنىڭ مەزكۇر ئىككى ئورۇن (جازا لاگېرلىرى بىلەن مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىدىغان ئورۇنلار) ئوتتۇرىسىدا يۆتكەلگەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرى (جازا لاگېرلىرى ۋەھاكازا)نىڭ كەم دېگەندە 135 ىدە مەجبۇرىي ئەمگەك زاۋۇتلىرى بارلىقى دەلىللەندى. شەرقىي تۈركىستاندا تېز سۈرئەتتە كېڭەيتىلىۋاتقان جازا لاگېرلىرىغا ماس ھالدا، (ئۇيغۇرلار مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىدىغان) زاۋۇتلار بەرپا قىلىنماقتا. بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىدا، 2020 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە، جازا لاگېرلىرى ئىچىدىكى زاۋۇت ئەسلىھەلىرىنىڭ 21 مىليون كۋادرات فۇتتىن ئارتۇق كۆلەمنى

ئىگىلىگەنلىكى دەلىللەنگەن. 2018 ـ يىلى، خىتاي دائىرىلىرى مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك ئەمگەك پىلانى ئارقىلىق ئۈچ ئۇيغۇر رايونىدىن 500 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى پاختا تەرگۈزۈش ئۈچۈن يۆتكىگەن. 2019 ـ يىلىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت خىزمەت دوكلاتىغا كۆرە: «تەربىيەلەنگەن ھەر بىر تۈركۈم (ئىشچىلار)نىڭ بىر قىسمى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە بىر قىسمى يۆتكىلىدۇ. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلارغا قارىتا تەلتۆكۈس ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىشى ۋە ئۇلار خىزمەت ئورنىدا قېلىشى كېرەك». قاراقاش تىزىملىكىمۇ «قويۇپ بېرىلگەن» مەھبۇسلارنىڭ مەجبۇري ئەمگەككە سېلىنغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. قاراقاش تىزىملىكىدىكى «ھازىرقى ئەھۋالى» دېگەن كاتېگورىيەدە، مەھبۇسلارنىڭ «ئىشقا ئورۇنلاشقان»لىقىنى تەسۋىرلەشتە ئىشلىتىلگەن ئىبارە شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرى 2018 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ يولغا قويغان مەجبۇري ئەمگەك پىلانلىرىدىمۇ كەڭ قوللىنىلغان.

### تۆتىنچى، ئاساسلىق قىلمىشلار

#### 1. شۇ گۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈش

نۇرغۇن ئۇيغۇر مەھبۇسلىرى ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ياكى لاگېرلاردا ئۆلگەن ياكى ئۆلتۈرۈلگەن. ئەمما، (شەرقىي تۈركىستاندا) بۇ خىل ئۆلۈم ئەھۋاللىرىنى ئاشكارىلىغان كىشىلەر ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ئۇچراش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. كەم دېگەندە، بىر پارچە دەلىللەنگەن دوكلاتتا مەلۇم بىر تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆلگەنلىكى ئىسپاتلاندى. مەزكۇر رايوندا يېڭىدىن سېلىنغان جەسەت كۆيدۈرۈش ئورۇنلىرى دائىرىلەرنىڭ بۇ لاگېرلاردا ئۆلگەن ۋە قىيىن ـ قىستاققا ئۇچرىغانلارنىڭ ئومۇمىي سانىنى يوشۇرغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ياشانغان ئۇيغۇرلار ۋە مەشھۇر دىنىي زاتلار، ياكى لاگېردىكى ھەربىيچە تۈزۈمگە بەرداشلىق بېرەلمىگەنلەر لاگېردا ئۆلگەن ياكى يوقاپ كەتكەنلەرنىڭ ئىچىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. نۇرغۇن دىنىي ئۆلىمالار تۇتقۇن قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتكەن. ياشانغانلارمۇ خىتايچىنى ئۆگىنەلمىگەنلىكى ياكى بەلگىلەنگەن ۋاقىتنىڭ سىرتىدا ھاجەتخانا ئىشلەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇرۇلغان. سەۋەبلىك، ياش مەھبۇسلارغا قارىغاندا كۆپرەك قىيىن ـ قىستاققا ئۇچرىشى مۇمكىن. كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش دولقۇنىدا، داڭدار ئۇيغۇرلار ـــ مەيلى بېرىلگەن جازانىڭ دائىرىسى ياكى سالمىقى جەھەتتىن بولسۇن ـــ نۇقتىلىق جازالىنىپ، كۆپىنچە 15 يىللىقتىن مۇددەتسىزگىچە قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

## 2. گۇرۇپپا ئەزالىرىغا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئېغىر زىيان يەتكۈزۈش

تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدىكى مەھبۇسلار سىستېمىلىق قىيىن - قىستاققا ئېلىنغان. باسقۇنچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەھىمسىز، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋە پەسكەش مۇئامىلىلەر ياكى جازا قاتارلىق جىنسىي زوراۋانلىقلارغا ئۇچرىغان، ئاساسلىق ئىنسانىي ئېھتىياجلىرى قاندۇرۇلمىغان ۋە ئېغىر دەرىجىدە ھاقارەتلەنگەن.

### 1) جىسمانىي قىيىن - قىستاق

شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقىغا كۆرە، مەھبۇسلار قاتتىق ھەربىي قائىدە - تۈزۈملەرگە رىئايە قىلالمىغانلىقى، ياكى ئۆزئارا پاراڭلىشىش، پىچىرلىشىش، ھەممىشە يېنىق تۇرۇشى كېرەك بولغان كامېرا چىرىغىنى ئۆچۈرۈش، ھەتتا كۈلۈش، يىغلاش، ئەسنەش، كۆزىنى يۇمۇش، تاماقنى ئاستا يېيىش ياكى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يۇيۇنۇپ بولالماسلىق دېگەن ئادەتتىكى قىلمىشلىرى سەۋەبلىك قىيىن - قىستاققا ئۇچرايدۇ. سابىق مەھبۇسلار لاگېر ۋە تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىدىكى مەخسۇس «سوراقخانا»لار توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەردى. بۇ «سوراقخانا»لاردا كامېرا يوق بولۇپ، رەھىمسىزلەرچە قىيناش ئۇسۇللىرى ئىزچىل قوللىنىلىدۇ، (بۇ خىل ۋەھشىي قىيناشلار) بەزىدە 24 سائەت داۋاملىشىپ، مەھبۇسلارنى ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىدۇ. لاگېرلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان قىيناش ئۇسۇللىرى مەھبۇسلارنى كىچىك پىلاستىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇش، ئۇلارنى «يولۋاس ئورۇندۇق»قا، كارىۋاتقا، تامغا، تورۇسقا ياكى ئېغىر زەنجىر - كىشەنلەرگە باغلاش ياكى ئۇلارنى ئۇزۇن مۇددەت يالغۇز سولاش ۋە يېمەكلىكتىن مەھرۇم قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەھبۇسلار يەنە مېتال، توك كالتەكى ياكى يالىڭاچ سىملار بىلەن قامچىلىنىدۇ، ئۇرۇلىدۇ.

شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقىغا كۆرە، «سوراقخانا»لارنىڭ پول ۋە تاملىرى قانغا بويالغان، «سوراقخانا»دىن چىققان بەزى مەھبۇسلارنىڭ تىرناقلىرى يۇلۇۋېتىلگەن. باشقا شاھىتلار ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىدىغان دورىلارنى ئىچىشكە مەجبۇرلانغان، توكلۇق ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرغۇزۇلغان، تامامەن يالىڭاچلاپ تەكشۈرۈلگەن، ياكى تامغا ئېسىپ قويۇلۇپ، توك كالتەكى بىلەن ئۇرۇلغان.

### 2) جىنسىي زوراۋانلىق

سابىق مەھبۇسلار تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدا سىستېمىلىق، كەڭ كۆلەملىك باسقۇنچىلىق ۋە باشقا جىنسىي پاراكەندىچىلىكلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەردى. بىخەتەرلىك خادىملىرىنىڭ ئوپچە باسقۇنچىلىق قىلمىشلىرى، (باسقۇنچىلىق جەريانىدا) ماسكا تاقىۋالغان ئەر، توك كالتەكنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە «بەدەننىڭ ھەممە يېرىنى چىشلەش»، شۇنداقلا (كامېرا يوق ئۆيدىكى) «ئىش قىلىش» ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس ئۈستەل قاتارلىقلار توغرىسىدىمۇ پاكىتلار مەۋجۇت. يەنە بەزى شاھىتلار ساقچىلارنىڭ مەھبۇس قىزلارغا «نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىش» ئۈچۈن، ئۇلارنى يېپىق ئۆيگە ئەكىرىپ كەتكەنلىكى، بەزى قىزلارنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن قايتىپ كەلمىگەنلىكى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەرگەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئايال مەھبۇسلار دائىم كىيىملىرىنى سېلىشقا، يالىڭاچ ھالەتتە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشقا ۋە مۇنچىدا، سوقۇلغان قىزىلمۇچ قىيامىنى جىنسىي ئەزاسىغا سۇرۇشكە مەجبۇرلانغان، شۇنداقلا بۇ جەريانلار سۈرەتكە ئېلىنغان. خەۋەرلەرگە كۆرە، ختايدا COVID ـ 19 ۋاباسى يۇقىرى پەللىگە چىققاندا، تۇتقۇنلار ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم يالىڭاچ قىلىنىپ، بەدىنىگە قاراۋۇللار تەرىپىدىن «قىزىق» ۋە چىرىتكۈچى دېزىنفېكسىيە دورىسى چېچىلغان.

ئۇيغۇر ئاياللىرى لاگېرلارنىڭ سىرتىدىمۇ ئوخشاشلا سىستېمىلىق جىنسىي زوراۋانلىققا ئۇچراپ، ئېغىر جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن زىيانغا ئۇچرىماقتا. لاگېرلاردا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ۋە لاگېر سىرتىدىكى ئۇيغۇر ئاياللار بىردەك ھالدا تۇغۇت چەكلەش ئۇزۇكى سېلىنىش، بالىسى چۈشۈرۈۋېتىلىش ۋە نامەلۇم ئوكۇل ياكى ھەيز دەۋرىنى توختىتىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىشكە مەجبۇرلىنىش قاتارلىق مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق جىنسىي زوراۋانلىققا ئۇچرىغان.

### 3) پسىخولوگىيەلىك زەخمە

ئۇيغۇرلارغا راستلىقى پاكىتلار ئارقىلىق دەلىللەنگەن ئېغىر دەرىجىدە جىسمانىي زىيان يەتكۈزۈلگەندىن باشقا، ئۇلارغا قىلىنغان روھىي زۇلۇممۇ پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولۇپ، شۇ روھىي زۇلۇملارنىڭ بەزىلىرى، جۈملىدىن لاگېرغا سولىنىش تەھدىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا سەۋەب بولغان. لاگېر تۇتقۇنلىرىغا ھەركۈنى تەكرار ـ تەكرار سىياسىي تەلقىنلەر قىلىنىپ تۇرىدۇ، ختاي كومپارتىيەسىنىڭ تەشۋىقاتلىرىنى كۆرۈشكە، پارتىيە شوئارلىرىنى توۋلاشقا، جەينامازلارنى كۆيدۈرۈشكە ياكى چوشقا گۆشى يېيىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. ئۇلار يەنە تىنىمسىز ھالدا مەسخىرىلىك، ھاقارەتلىك جازالارغا ئۇچرايدۇ ياكى يالغۇز سولاپ قويۇلىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ھۆججەتلىرىگە ۋە بىۋاسىتە شاھىتلارنىڭ بايانىغا كۆرە، ئۇيغۇر مەھبۇسلىرى دائىم «ئۆزتەنقىدنامە» يېزىشقا ۋە ئۇنى ئوقۇشقا مەجبۇرلىنىدىكەن، ھەمدە باشقا مەھبۇسلارنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ كەملىكى ۋە ئۆتمۈشى، جۈملىدىن دىنىي تارىخى ۋە قىلمىشلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايدىكەن ياكى شۇلارنى ئىنكار قىلىدىكەن. تۇتقۇنلار يەنە لاگېرنىڭ باشقا جايلىرىدىن، جۈملىدىن «سوراقخانا»دىن ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان، «ئەتىگەندىن كەچكىچە» توختىمايدىغان (قىيىن - قىستاق دەردىدىن) چىرقىراشلارغا بەرداشلىق بېرىشى كېرەك ئىكەن.

بىر مەھبۇس (لاگېرغا قامىلىپ) ئۈچ ئايدىن كېيىن پەقەتلا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆلۈۋېلىش مەقسىتىدە تامغا باشچىلاپ ئۇسۇپ ھوشىدىن كەتكەن. ئۆلۈۋېلىش ئۇرۇنۇشلىرى شۇ قەدەر ئومۇمىي بولغاچقا، مەھبۇسلارغا «ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان» كىيىملەر كىيگۈزۈلگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى زەخمىلەندۈرۈشكە ئەسقاتىدىغان (مېتال دېگەندەك) ماتېرىياللارغا ئېرىشىشى چەكلەنگەن. يەنە بىر مەھبۇسنىڭ ئېيتىشىچە، لاگېردا تەخمىنەن بىر يىل تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى شۇ يەردە تۇغۇلغاندەك ھېس قىلىپ، ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ ئەسلىيەلمەس بولۇپ قالغان. نۇرغۇن سابىق مەھبۇسلار قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى، تۆۋەنلەش، ئۇيقۇسىزلىق، شۇنداقلا ئۆلۈۋېلىش ئىستىكى پەيدا بولۇش دېگەندەك بىنورماللىقلارغا گىرىپتار بولغانلىقىنى ئېيتىشقان، بۇ خىل روھىي ھالەتلەر سۈرگۈندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بەكلا ئومۇمىي.

### 3. شۇ گۇرۇپپىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىغا ئۇلارنى جىسمانىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ۋەيران قىلىدۇ، دەپ قارىلىدىغان دەرىجىدە قەستەن زىيان سېلىش

ئۇيغۇرلار ئۆز ئۆيلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، تۈركۈملەپ جازا لاگېرلىرىغا ئەۋەتىلدى ۋە ئۇ يەردە يېتەرلىك يېمەكلىك، كىيىم - كېچەك، داۋالىنىش شارائىتى ۋە تۇرالغۇدىن مەھرۇم قىلىندى، ئاندىن ئۇ يەردىن بىۋاسىتە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىش ئۈچۈن «قويۇپ بېرىلدى». لاگېرلاردا ئۇيقۇ يېتەرلىك بولماسلىق، ئاچ قېلىش، مەينەتچىلىك، خەۋپ - خەتەر ۋە (كامېردىكى) زىيادە قىستاڭچىلىق ئەھۋاللىرى ئومۇمىيدۇر. شاھىتلارنىڭ ئېيتىشىچە، مەھبۇسلار ئادەم پەۋقۇلئاددە كۆپ بولغان كامېرلارغا سولانغان بولۇپ، ئادەتتە بۇ كامېرلاردا تەرەت قىلىدىغان بىر ئورتاق پىلاستىك چېلەك ياكى ئوچۇق ھاجەتخانا بار بولۇپ، مەھبۇسلار چوقۇم ئۆز ھاجىتىنى كۆزىتىش كامېراسى ئاستىدا، بىر مىنۇتتىن ئۈچ مىنۇتقىچە بولغان ۋاقىتتا ئادا قىلىپ بولۇشى كېرەك. تۇتقۇنلار قائىدىلەرگە تولۇق ئەمەل قىلمىغانلىقى سەۋەبلىك تاماقتىن مەھرۇم قىلىنىدۇ، ۋەياكى ئۇيغۇرچە

سۆزلىگەنلىكى ياكى خىتايچە سۆزلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇزۇلۇپ قالغان يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. نەتىجىدە، مەھبۇسلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا لاگېرلاردا ھەددىدىن زىيادە ئورۇقلاپ كېتىدۇ. تۇتقۇنلارنىڭ يۇيۇنۇشىغا بىر بولسا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ، بىر بولسا پەقەت ھەپتىدە، ئايدا ياكى ئىككى ئايدا بىر قېتىم، باشقىلار كۆرۈپ تۇرغان ھالەتتە يۇيۇنۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. سابىق مەھبۇسلار بىردەك ھالدا داق يەردە، ياكى ئورتاق كارىۋاتتا ئىككى سائەتتىن نۆۋەتلىشىپ، يېنىچە ئۇخلىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەردى. بۇنىڭدىن سىرت، شاھىتلارنىڭ ئېيتىشىچە، لاگېر مەھبۇسلىرى ئادەتتە پىلاستىك ئورۇندۇقتا 12 ~ 14 سائەتلەپ، تۈپتۈز ئولتۇرۇشقا مەجبۇرلانغان ياكى خەت يېزىش مەشقى قىلغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا، ھەتتا ئۇخلىغاندىمۇ پۇت - قوللىرى ئىزچىل كىشەنلەنگەن. 2020 - يىلى يازدا، 19 ـ COVID ۋاباسى يامرىغان مەزگىلدە، دائىرىلەر شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي ئۆلكىلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ قاتتىق قامال قىلغان، ھەتتا پۇقرالارنى ھېچقانداق ماركا - بەلگە چاپلانمىغان (نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان) شىشىلەردىكى دورىلارنى ئىچىشكە مەجبۇرلىغان، ئەگەر بۇنىڭغا ئۇنىمىسا قولغا ئېلىنىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالغان.

دائىرىلەر تۇغۇت يېشىدىكى ئۇيغۇرلارنى، ئائىلە باشلىقلىرىنى ۋە مەھەللە ئاقساقاللىرىنى ياشاشقا ماس كەلمەيدىغان شارائىتتا تۇتۇپ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قارىتا سىستېمىلىق تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللانغان ۋە ئۇيغۇرلارنى سىستېمىلىق ھالدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سالغان. يىغىپ ئېيتقاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى قەستەن «ئاستا خاراكتېرلىك ئۆلۈمگە سەۋەب بولىدىغان ۋەزىيەت»نى بارلىققا كەلتۈرگەن.

## 4. گۇرۇپپا ئىچىدە تۇغۇت چەكلەشنى مەقسەت قىلغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش

ھۆكۈمەتنىڭ ئىستاتىستىكىسى ۋە شۇلارنى دەلىللەيدىغان گۇۋاھلىقلارنى ئاساس قىلغان زور مىقداردىكى ئاشكارا دەلىل - ئىسپاتلارغا كۆرە، خىتاي كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قەستەن ۋە پىلانلىق ھالدا سىستېمىلىق پروگراممىلارنى يولغا قويغان. 2017 ـ يىلى، خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىق ئىگىلەيدىغان رايونلاردا «تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىگە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى كونترول قىلىش ئالاھىدە ھەرىكىتى»نى قوزغىغان.

### 1) مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

2019 ـ يىلىدىكى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە، چەت ئۇيغۇر رايونلىرىدىكى يېزىلاردا ئائىلىلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇغماس قىلىۋېتىش مۇجادىلىسىنىڭ پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، (مەزكۇر پىلاندا) پەقەت شۇ يىلىلا ئىككى ئۇيغۇر ناھىيەسىدىكى تۇغۇت يېشىدىكى توي قىلغان ئائىلىلارنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 14 پىرسەنتى ۋە 34 پىرسەنتىنى تۇغماس قىلىۋېتىش نىشانلانغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەزكۇر پروگراممىلارغا ئاجرىتىلغان مەبلەغمۇ كۆپەيتىلگەن. بۇ سانلار تۈركىيەدە تەكشۈرۈلگەن ئۇيغۇر ئايال مۇساپىرلىرىنىڭ ئەۋرىشكىسىگىمۇ ماس كېلىدۇ: ئۇلارنىڭ تەخمىنەن 25 پىرسەنتى تۇغماس قىلىۋېتىلگەن. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى (دوختۇرخانىغا بېرىشقا بۇيرۇلغاندا) ئۆزلىرىنىڭ تۇغماس قىلىۋېتىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. 2017 ـ يىلىدىن 2018 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر ۋىلايەتتە، تۇغماس ئائىلىلارنىڭ نىسبىتى ئەسلىدىكىدىن 124 پىرسەنت ئاشقان. 2018 ـ ۋە 2019 ـ يىللىرى «تۇغۇت چەكلەشكە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنىڭ قەتئىي سادىر بولماسلىقى» يەرلىك (ختاينىڭ تەبىرى بويىچە «ئاز سانلىق») مىللەت رايونلىرىدىكى ئۆلچەملىك نىشانغا ئايلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان. شۇنداقلا، 2019 ـ ۋە 2020 ـ يىللىرى دۆلەت ئاجراتقان يېتەرلىك مەبلەغ بىلەن، تۇخۇم نەيچىسىنى بوغۇۋېتىش ئوپېراتسىيەسىدىن نەچچە يۈزمىڭى قىلىنغان.

## 2) بالىياتقۇ ئىچىگە تۇغۇت چەكلەش ئەسۋابى سېلىش

2018 ـ يىلى، ختايدىكى بالىياتقۇ ئىچىگە سېلىنىدىغان ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئەسۋابلىرىنىڭ 80 پىرسەنتى شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ نىسبەت تۆت يىل ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا 77.5 پىرسەنت ئاشقان. ھالبۇكى، (بۇ قەدەر يۇقىرى تۇغۇت چەكلەش ئۇسكۈنىسى سېلىش نىسبىتىگە زىت ھالدا) بۇ رايوننىڭ نوپۇسى ئارانلا ختاي نوپۇسىنىڭ 1.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى مەجبۇرىي ئائىلىلار كېسەللىكلىرى تەكشۈرۈشى ئۈچۈن چاقىرتىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ بالىياتقۇسىغا ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈسكۈنىلىرىنى مەجبۇرىي سالغان. شەرقىي تۈركىستاندىكى سەھىيە كومىتېتى سېتىۋالغان، بالىياتقۇ ئىچىگە سېلىنىدىغان ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئەسۋابلىرى پەقەت دۆلەت تەستىقلىغان ئوپېراتسىيە ئارقىلىقلا ئېلىۋېتكىلى بولىدىغان قىلىپ لايىھەلەنگەن بولۇپ، رۇخسەتسىز ئوپېراتسىيە قىلىش ـ قىلدۇرۇش قىلمىشى تۈرمىگە

كىرىشكە ۋە جەرىمانە قويۇلۇشقا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. 2019 ـ يىلىغا كەلگەندە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ختاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ كەم دېگەندە 80 پىرسەنتىنى تۇغماس قىلىۋېتىش ياكى بالىياتقۇ ئىچىگە تۇغۇت چەكلەش ئەسۋابى سېلىشنى پىلانلىغان.

### 3) جازا لاگېرلىرىدىكى تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرى

جازا لاگېرلىرى ئىچىدىكى مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش قىلمىشلىرى يەنە بىر تۈركۈم سابىق ئايال مەھبۇسلار تەرىپىدىن تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن بالىياتقۇسىنىڭ ئىچىگە مەجبۇرىي ھالدا تۇغۇت چەكلەش ئۈسكۈنىسى سېلىنغانلىقى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەرگەن. ئېيتىلىشىچە، لاگېردىكى بارلىق ئاياللار بۇ قىسمەتكە دۇچ كېلىدۇ. ئەگەر ئۇلار (تۇتۇلغان ۋاقىتتا) ھامىلدار بولسا، بالىسى ئوپېراتسىيە ئارقىلىق چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ. شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقىغا كۆرە، لاگېردا قەرەللىك قان تەكشۈرۈلۈپ، مەھبۇسلارغا ھەيزنى توختىتىۋېتىدىغان، ھارغىنلىق ۋە چېچىلاڭغۇلۇققا سەۋەب بولىدىغان نامەلۇم ئوكۇل ـ دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. تۇتقۇنلار يەنە سوراق جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ دۈشمىنىغا بىر نەچچە قېتىم تېپىك يېگەنلىكى توغرىسىدىمۇ گۇۋاھلىق بەرگەن.

### 4) ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىيىشىنى توسۇشنى مەقسەت قىلغان كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى

كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ئومۇمىي تۇغۇت چەكلەش مۇجادىلىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر. «قاراقاش تىزىملىكى»گە ئاساسلانغاندا، ھازىرغا قەدەر تۇتقۇن قىلىنىشنىڭ ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان ئىككى سەۋەبى ـــ (1) «پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغۇچى» ۋە (2) «80 ـ، 90 ـ ياكى 2000 ـ يىللاردا تۇغۇلغان خەۋپلىك نەسىل» بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان بۇ ئىككىنچى سەۋەب، تەخمىنەن 18 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان تۇغۇت يېشىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. تۇتقۇن قىلىنىشنىڭ بۇ ئىككى ئاساسلىق سەۋەبى ختاينىڭ رايوندىكى تۇغۇت چەكلەش مۇجادىلىسىنىڭ لاگېرلارنىڭ ئارقىسىدىكى مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### 5) تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنىڭ تەسىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

2015 ـ يىلىدىن 2018 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇيغۇرلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان ئىككى چوڭ ۋىلايەتتىكى نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 84 پىرسەنت تۆۋەنلىگەن. 2019 ـ يىلى، قەشقەر ۋە خوتەندە تۇغۇت يېشىدىكى توي قىلغان ئاياللارنىڭ ئاران ئۈچ پىرسەنتى تۇغقان. بىر ئوبلاست (قىزىلسۇ) 2020 ـ يىلىدىكى تۇغۇلۇش نىسبىتىنى 1.05 پىرسەنت قىلىپ بېكىتكەن. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئىككى يىل ئىلگىرىكى تەبىئىي ئېشىش نىسبىتى 19.66 پىرسەنت ئىدى. بۇ رايونلارنىڭ بەزىلىرى (ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان) ۋەيران قىلىش ھەرىكىتىنىڭ كۆلىمىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ يېڭى يىللىق دوكلاتلىرىدا تۇغۇلۇش نىسبىتى ئۇچۇرىنى ئېلان قىلمايدىغان بولغان. 2020 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ھۆكۈمىتى CNN خەۋەر ئاگېنتلىقىغا خەت يېزىپ، بۇ رايوندا تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ 2017 ـ يىلىدىكى ھەر مىڭ ئادەمگە 15.88 دىن 2018 ـ يىلى ھەر مىڭ ئادەمگە 10.69 كە چۈشكەنلىكىنى، بۇنىڭ «پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش»نىڭ «شاراپىتى» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. خەتتە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «سەھىيە ۋە ئىستاتىستىكا تارماقلىرىنىڭ مۆلچەرىگە كۆرە، 2018 ـ يىلى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ سانى 2017 ـ يىلىدىكىدىن تەخمىنەن 120 مىڭ ئازايغان، ئۇلارنىڭ تەخمىنەن سەكسەن مىڭى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ قانۇن بويىچە تېخىمۇ ياخشى ئىجرا قىلىنغانلىقىدىن بولغان».

ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قارىتا سىستېمىلىق تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ۋە تۇغۇت يېشىدىكى ئەر ـ ئاياللارنى تۇتقۇن قىلىشتىن ئىبارەت قوش لىنىيەلىك ئىستراتېگىيەنى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىيىشىنى توسۇشنى مەقسەت قىلغان تەدبىرلەر دېيىشكە بولىدۇ.

5. گۇرۇپپىدىكى باللارنى باشقا (مىللىي، ئېتنىك، ئىرقىي ياكى دىنىي) گۇرۇپپىغا مەجبۇرىي يۆتكەش

2017 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، خىتاي ھۆكۈمىتى يېڭى سىياسەتكە ئاساسەن، كەڭ كۆلەملىك، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، يۇقىرى بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى قوللىنىلىدىغان «باللار پاراۋانلىقى يېتەكچىلىك مەركىزى» (儿童福利指导中心) نامىدىكى ياتاقلىق مەكتەپلەر — ئەمەلىيەتتە يېتىمخانىلار — نى قۇرۇپ، ئۇيغۇر باللىرىنى، ھەتتا بوۋاقلارنى بۇ يەرگە پۈتۈن كۈن سولىۋېلىشقا باشلىدى. ئىگىلىنىشچە، بۇ يېتىمخانىلار ئىنتايىن قىستاق ۋە باشقا شارائىتلىرىمۇ پەۋقۇلئاددە ناچار، يەنە كېلىپ باللارنىڭ يۇرتلىرىدىن نەچچە يۈز مىل يىراقلىقتىدۇر. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر قىسىم ناھىيەلەرگە يېتىمخانىلارغا ئاپىرىلىدىغان «يېتىم»لەرنىڭ سانى

توغرىسىدا كونكرېت نورما بېكىتىپ بەرگەن بولۇپ، بۇ بالىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى جازا لاگېرلىرىغا سولانغان ياكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىلگەن. قەشقەردىكى بىر ناھىيەدە 2017 ـ يىلىلا 18 يېڭى يېتىمخانا سېلىنغان. ختاي مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ پىلان ھۆججىتىدە كۆرسىتىلىشىچە، 2017 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، شەرقىي تۈركىستاندا ئائىلىسىدىن ئايرىۋېتىلىپ، دۆلەت قارمىقىدىكى ياتاقلىق مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بالىلارنىڭ سانى 76.9 پىرسەنت ئېشىپ، 497 مىڭ 800 دىن 880 مىڭ 500 گە يەتكەن. ختاي كومپارتىيەسى 2020 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى 800 دىن ئارتۇق يېزا ـ بازارلارنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن ئىككىگىچە مۇشۇ شەكىلدىكى ياتاقلىق مەكتەپلەرنى ئىشقا كىرىشتۈرۈش نىشانىنى بېكىتكەن. ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى، بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان بۇ مۇئەسسەسە (يېتىمخانا)لەر لاگېرلارغا سولانغان ياكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى مەخسۇس نىشان قىلغان. بالىلار «يەپ ـ ئىچىدىغان ۋە ياشايدىغان» مەزكۇر «بالىلار پاراۋانلىقى» مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئاشكارا مۇددىئاسى ـــ يەرلىك مىللەتلەردىن بولغان ئاتا ـ ئانىلارنى «ئازاد قىلىپ»، ئۇلارنى «ھېچنېمىدىن غەم قىلماي ئۆگىنىش قىلىش» ياكى «پۈتۈن كۆڭلۈك ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش» ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتۇر. دۆلەتنىڭ نازارىتى ئاستىدا، ئۇيغۇر بالىلىرى دۆلەت تەرىپىدىن ئېتراپ قىلىنغان، ئۆلچەملىك، ختايچە بالا تەربىيەلەش ئۇسۇللىرىدا، ختاي تىلى مۇھىتىدا چوڭ قىلىنىۋاتىدۇ. ختاي دۆلىتى شۇ رەۋىشتە ئۇيغۇر بالىلىرىنى (بوۋاقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مەجبۇرىي ھالدا ختاي مۇھىتىغا يۆتكەۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر بالىلىرىنى بۇ شەكىلدە سىستېمىلىق ھالدا ئائىلىسىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىش ۋە ئۇيغۇرلارغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك توغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، «بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئۆزىنى يېڭىلاش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئىقتىدارى»نى تەھدىتكە ئۇچرىتىدۇ.

مەلۇم بىر مىللىي، ئېتنىك، ئىرقىي ياكى دىنىي گۇرۇپپىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىشنى مەقسەت قىلىش

ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىدە بەلگىلەنگەن كونكرېت مۇددىئا توغرىسىدىكى ماددا ئىككى ئاساسلىق ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) يوقىتىش نىيىتى (2) (قوغدىلىدىغان گۇرۇپپىنى) پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن (يوقىتىش).

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىي ئامبىرىسى
www.uyghurkitap.com

1. يوقىتىش نىيىتى

«ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»دە بەلگىلەنگەن دۆلەت مەسئۇلىيىتىنى باھالىغاندا، قوغدىلىدىغان گۇرۇپپىنى يوقىتىش نىيىتى، (خەلقئارا قانۇندا بەلگىلەنگەن) دۆلەت ئىگە بولمىغان سۇبيېكتىپ روھىي ھالەتنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلمايدۇ، شۇنداقلا (قوغدىلىدىغان گۇرۇپپىنى يوقىتىش جەھەتتە) ئېنىق مۇددىئا بايان قىلىنغان بولۇشىنىمۇ تەقەززا قىلمايدۇ. ئەكسىچە، نىيەت (يەنى قوغدىلىدىغان گۇرۇپپىنى يوقىتىش نىيىتى) رەسمىي باياناتلار، دۆلەتنىڭ سىياستى، «ئومۇمىي پىلان»، قىلمىش ئەندىزىسى، تەكرارلانغان بۇزغۇنچىلىق قىلمىشلىرى ياكى «مەنتىقىلىق ۋە تەرتىپلىك ئاقىۋەتكە ئىگە ھەرىكەتلەردە ئىپادىلىنىدىغان ئىستراتېگىيىلىك پىلانلانغان سىياسەت» قاتارلىق ئوبيېكتىپ ئۆلچەملەر ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، بىر دۆلەت ئۆزىنىڭ بۇزغۇنچىلىق سىياستى ۋە پائالىيەتلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى مۇئەييەن غەرەز، مەقسەت ۋە مەزمۇنىنىڭ نىمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»دە بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيىتىنى داۋاملىق ئادا قىلىشى كېرەك بولىدۇ. «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»دە بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرگە ھەم «تىنچلىق مەزگىلى»دە، ھەم «ئۇرۇش مەزگىلى»دە ئوخشاشلا رىئايە قىلىش كېرەك بولىدىغان بولغاچقا، (دۆلەتنىڭ ئاتالمىش تېرورلۇق تەھدىتىگە دۇچ كېلىشى دېگەندەك، ت) بىخەتەرلىك مۇھىتى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىگە خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدۇر (يەنى بىر دۆلەتنىڭ ئاتالمىش «بىخەتەرلىك تەھدىتى»گە دۇچ كېلىشى ئۇنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلىشىنى يوللۇقلاشتۇرالمايدۇ، ت).

تۆۋەندىكى بۆلەكلەردە يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا بۇيرۇقلىرى، شۇنداقلا خىتاينىڭ سىياسەتلىرى، ۋەيران قىلغۇچ قىلمىشلىرى ۋە ھەرىكەت ئەندىزىسى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى بىر گۇرۇپپا سۈپىتىدە (ئومۇمىيۈزلۈك) يوقىتىش نىيىتىنى ئىسپاتلايدۇ ۋە نامايان قىلىدۇ.

**خىتاينىڭ (ئۇيغۇرلارنى يوقىتىۋېتىش) مۇددىئاسىغا ئالاقىدار يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ باياناتلىرى**

**خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قاراتقان ھۇجۇمى**

2014 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، شى جىنپىڭ بىر قاتار نۇتۇق سۆزلەپ، «تېرورلۇققا، سىڭىپ كىرىشكە ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش»نى قوزغىدى ۋە ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ 90 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىنى (بۇ كۈرەشتىكى) ئالدىنقى سەپ سۈپىتىدە تىلغا ئالدى. ئۇ يەنە ئاشقۇنلۇقنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يىلتىز تارتقانلىقىنى، (بۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتا) ئومۇمىيۈزلۈك رەقەملىك نازارەت قىلىش ۋە يەرلىك پايلاقچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شى جىنپىڭ ھۆججەت توغرىسىدا تۆۋەندىكى بۇيرۇقلارنى بەردى: «خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ قوراللىرىنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن ۋە تەۋرەنمەستىن ئىشلىتىش كېرەك»؛ «قەتئىي رەھىم قىلىشقا بولمايدۇ»؛ «بۇ كىشىلەر قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنى تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش خىزمىتى چوقۇم داۋاملىشىشى كېرەك».

## يوقىتىش نىيىتى توغرىسىدىكى ئېنىق بايانلار

ئۇيغۇرلارنى بۇ شەكىلدە پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىش غەرىزى لوگىكىلىق قىياسقا ياكى ئەقلىي يەكۈنگە تايىنىپ بايقالغان ئەمەس. بەلكى بەزى ئەھۋاللاردا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارنى بىر گۇرۇپپا سۈپىتىدە يوقىتىش غەرىزىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. خەۋەر قىلىنىشىچە، لاگېر قوغدىغۇچىلىرى مەھبۇسلارغا ئۆزلىرىنىڭ خىتاي كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ لاگېر تۈزۈمىنى «پۈتۈن مىللەتلەر، جۈملىدىن قازاق، ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەر غايىب بولغۇچە» داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ھۆججىتىدىكى بۇيرۇققا ئەمەل قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. 2017 ـ يىلى، 900 مىڭ ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر بولغان يەكەن ناھىيەسىنىڭ پارتىيە سېكرېتارى ئاممىۋى مەيداندىكى يىغىلىشتا نۇتۇق سۆزلەپ، شى جىنپىڭنىڭ بۇ رايوندىكى مۇجادىلىسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، پارتىيە ئەزالىرىنى «ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىۋېتىشكە ... ئۇلارنىڭ يىلتىزى ۋە شېخىنى ۋەيران قىلىشقا» رىغبەتلەندۈرگەن. بۇنىڭدىن سىرت، قەشقەردىكى بىر يېزىنىڭ بىخەتەرلىك مەسئۇلى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئارقىسىدىكى دۆلەت سىياسىتى توغرىسىدا توختىلىپ، مەلۇم بىر خىتاي ئەمەلدارنىڭ «ئېتىزدىكى زىرائەتلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ياۋا ئوتلارنى بىر ـ بىرلەپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىيالمايسىز. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن، خىمىيەلىك دورا چاچمىسىڭىز بولمايدۇ. بۇ كىشىلەرنى قايتا تەربىيەلەش زىرائەتلەرگە خىمىيىلىك دورا چاچقانغا ئوخشاش» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن.

www.uyghurkitap.com

### «ھەممە ئادەمنى يىغىۋېلىش»

خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ سېكرېتارى چېن چۈەنگو شى جىنپىڭنىڭ سۆزىنى مىخلىغان ساقچى ـ ئەسكەرلەرگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارغا «(ئۇيغۇرلارنى) كۆكۈم ـ تالقان قىلىۋېتىدىغان، يوقىتىدىغان ھۇجۇم» غا تەييارلىق قىلىشنى جېكىلىگەن ۋە «يىغىۋېلىنىشى كېرەك بولغانلىكى ئادەمنى يىغىۋېلىش» ــــ بۇ ئىبارە 2017 ـ يىللىق ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە تەكرار كۆزگە چېلىقىدۇ ــــ تۇغرىسىدا قايتا ـ قايتا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىخەتەرلىك ئەمەلدارى جۇ خەيلۇننىڭ 2017 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى بۇيرۇقىدا «ئۇلار (يەنى يىغىۋېلىنىشقا تېگىشلىك ئۇيغۇرلار) بارلا بولسا، ئۇلارنى يىغىۋېلىڭلار» دېگەن جۈملە قوشۇلغان. 2017 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا، چېن چۈەنگو بىخەتەرلىكنى رەقەملەشتۈرۈش ۋە رايوندا ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك ئامانلىق ساقلاش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشنى تەكىتلىگەن. چېن چۈەنگو 2017 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شەرقىي تۈركىستاندىكى رەھبەرلىك قاتلىمىغا قىلغان سۆزىدە «مۇقىملىقنى قوغداش كۆرىشى ئۈزۈنغا سوزۇلغان ئۇرۇش، شۇنداقلا (مۇداپىئە ئۇرۇشى ئەمەس) ھۇجۇم ئۇرۇشىدۇر» دېگەن.

### «ئۆسمىنى ئېلىۋېتىش»

2014 ـ يىلى، شى جىنپىڭ ئاشقۇنلۇقنىڭ «بىر مەزگىللىك ئازابلىق، مۇداخىلە خاراكتېرلىك داۋالاش»نى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. چېن چۈەنگو ئۆزىنىڭ 2016 ـ يىللىق سىياسىي كۆنتەرتىپ تۇغرىسىدىكى نۇتقىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى «ئاشقۇن» دىنىي ئىدىيە ۋە قىلمىشلارنى تېخىمۇ كەسكىن ۋە جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىش كېرەك بولغان «يامان سۈپەتلىك ئۆسمە» ۋە «تارقىلىشچان ۋابا» دەپ سۈپەتلىدى. 2017 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، پارتىيە ئەمەلدارلىرى «ئۆسمىنى ئېلىۋېتىش» سالمىقىنى كۈچەيتتى. 2017 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، پارتىيەنىڭ بىر پارچە ئىچكى ئەسلەتمىسىدە: «ئەگەر دىنىي ئاشقۇن ئىدىيە يىلتىزىدىن يوقىتىلمىسا، زوراۋان تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى راك ھۈجەيرىسىگە ئوخشاش ئۆزلۈكسىز كۆپىيىدۇ» دېيىلگەن. شەرقىي تۈركىستاندىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارمىقىنىڭ يوليورۇقى يەرلىك ئەمەلدارلار خىتاي ئۆلكىلىرىدىن قايتىپ كەلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا جاۋاب بېرىشتە قوللىنىدىغان سوئال ـ جاۋاب قوللانمىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مەزكۇر قوللانمىدا ئەمەلدارلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا غايىب بولغان تۇغقانلىرىدىن «ئەنسىرىشنىڭ قەتئىي ھاجىتى يوق»لۇقى، پەقەت «داۋالاشنىڭلا (ئاشۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى

گىرىپتار بولغان) بۇ <يامان سۈپەتلىك ئۆسمە>نى ئۆزۈل ـ كېسىل يوقىتالايدۇ»غانلىقى توغرىسىدا تەكرار خىزمەت ئىشلىشى كېرەكلىكى كۆرسىتىلگەن. مەزكۇر قوللانمىدا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ «مېنىڭ تۇغقانلىرىم جىنايەت سادىر قىلدىمۇ؟» دېگەن سوئالىغا بېرىلىدىغان رەسمىي جاۋاب «ياق. لېكىن ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىدىكى بۇ <ۋىرۇس> يوقالمىغۇچە، ئۇلارنى ئەركىن قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ»دۇر. بۇ كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش پائالىيىتىنىڭ قانۇنسىز خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. شەرقىي تۈركىستان ئاھالىلىرىنى لاگېرلارغا سولاشقا ياردەملىشىدىغان «خىزمەت گۇرۇپپىسى»دىكىلەرمۇ «ئۆسمىنى ئېلىۋېتىش» دېگەن ئىبارىنى قوللانغان. دۆلەت تاراتقۇلىرى كەڭ كۆلەملىك بۇ جازا لاگېرلىرىنى مەھبۇسلارغا «تومۇرغا كىرگۈزۈلگەن ئوكۇل يىڭنىسى»گە ئوخشاش تەسىر قىلىدىغان تەدبىر دەپ سۈپەتلەپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر مەھبۇسلىرىنى يوقىتىشقا تېگىشلىك يامان سۈپەتلىك ئۆسمە دەپ كۆرسەتكەن. ئۇيغۇرلارنى كېسەللىككە، راكقا ياكى زەھەرگە ئوخشىتىش ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنى شۇ خىل نەرسىلەر سۈپىتىدە ئىنسانىيسىزلاشتۇرۇپ، يوقىتىلىشقا تېگىشلىك نىشانغا ئايلاندۇرۇش ئۇرۇنۇشىدۇر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com




# بالىلارنىڭ تىل ئىقتىدارى ۋە ئۇنى كۈچەيتىش ئۇسۇللىرى

# باللارنىڭ تىل ئىقتىدارى ۋە ئۇنى كۈچەيتىش ئۇسۇللىرى

مۇھىم نۇقتىلار:

* تىل تەرەققىياتى بىلىش، ئىجتىمائىيەت ۋە ساۋات چىقىرىش قاتارلىق تەرەققىياتنىڭ باشقا نۇرغۇن تەرەپلىرىگە تۈرتكە بولىدۇ.

* تىل تەرەققىياتى ئاۋۋال ئاۋاز ۋە ئىشارەتتىن، ئاندىن سۆز ـ جۈملىلەردىن باشلىنىدۇ.

* بالىڭىز بىلەن كۆپ پاراڭلىشىش، ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقە جەريانىدا ئىنكاس قايتۇرۇش ئارقىلىق بالىنىڭ تىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيسىز.

* باللارغا كىتاب ئوقۇپ، ھېكايە سۆزلەپ بېرىش ئۇلارنىڭ تىل تەرەققىياتىغا پايدىلىق.

* ئەگەر بالىڭىزنىڭ تىل تەرەققىياتىدىن ئەنسىرىسىڭىز، باللار ساغلاملىق مۇتەخەسسىسىگە مۇراجىئەت قىلىڭ.

## باللاردىكى تىل تەرەققىياتى: سىز بىلىشكە تېگىشلىك نۇقتىلار

تىل تەرەققىياتى باللارنىڭ تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. ئۇ بالىڭىزنىڭ ئالاقىلىشىش ئىقتىدارىدىن سىرت، تۆۋەندىكى ئىقتىدارلىرىنىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ:

* ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ۋە چۈشىنىش

* ئويلاش ۋە ئۆگىنىش

* مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش

* مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە داۋاملاشتۇرۇش

تىلنى چۈشىنىشنى، ئىشلىتىشنى ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىشنى ئۆگىنىش ساۋات چىقىرىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى، شۇنداقلا ئوقۇش ـ يېزىشنى ئۆگىنىشنىڭ ئاساسىدۇر.

بالىلار تۇغۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى بىر نەچچە يىلدا، مەكتەپكە بارغاندا خەت ئوقۇشنى ئۆگىنىشكە ياردىمى تېگىدىغان نۇرغۇن ئىغىز تىلى ماھارەتلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ. ھەمدە ئۇلارنىڭ تىل ماھارىتى بالىلىق ۋە بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىدە ئىزچىل تەرەققىي قىلىپ ماڭىدۇ.

## بالىلارنىڭ دەسلەپكى تىل تەرەققىياتىنى قانداق رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك؟

بالىڭىزنىڭ تىل تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ــ بالىڭىز بىلەن ئۇ قىزىقىدىغان ئىشلار توغرىسىدا كۆپ پاراڭلىشىشتۇر. بۇ جەرياندا سىز بالىڭىزنىڭ «كۆرسەتمىسى»گە ئەگىشىشىڭىزلا بولىدۇ، ئۇلار قول پۇلاڭلىتىش، گۇڭراپ ئاۋازلىرىنى چىقىرىش ۋە ئۇلار سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆزى قىزىقىدىغان نەرسىلەرنى سىزگە كۆرسىتىدۇ.

## بالىڭىز بىلەن پاراڭلىشىڭ

بالىلىرىڭىز تۇغۇلغاندىن باشلاپلا، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىڭ ۋە ئۇلارغا گەپ قىلالايدىغان كىشىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىڭ. مۇھىمى، ئوخشىمىغان سۆز مۇھىتىدا ئوخشىمىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىڭ. مەسىلەن، بالىڭىز بىلەن ئاپىلىسىن رەڭلىك توپ توغرىسىدا ۋە چۈشلۈك تاماقتا ئاپېلسىننى كېسىپ يېيىش توغرىسىدا پاراڭلاشسىڭىز بولىدۇ. بۇ بالىڭىزنىڭ سۆزنىڭ مەنىسىنى ۋە قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

## گېپىڭىزنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بىر ئاز توختاپ، بالىڭىزغا ئىنكاس قايتۇرغۇدەك ۋاقىت بېرىڭ.

بالىڭىز گۇڭراشقا، غىڭشىشقا، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىشقا ۋە بىر نەرسىلەرنى كۆرسىتىشكە باشلىغاندا، بالىڭىزنىڭ ئالاقىلىشىش ئۇرۇنۇشىغا ئىنكاس قايتۇرسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بالىڭىز گۇڭرىسا، سىزمۇ ئۇنىڭغا گۇڭراش ئارقىلىق «جاۋاب» قايتۇرسىڭىز بولىدۇ. ياكى ئەمدىلا تەمتىلەپ مېڭىشنى ئۆگەنگەن بالىڭىز ئويۇنچۇقنى كۆرسەتسە، بۇنى «ئاۋۇنى ئالسام بولامدۇ؟» دېگەنلىك دەپ چۈشىنىپ تۇرۇپ ئىنكاس قايتۇرۇڭ. مەسىلەن، «ئاشۇ ئويۇنچۇقنى ئوينامسەن؟» دېسىڭىز بولىدۇ.

بالىڭىز سۆز ئىشلىتىشكە باشلىغاندا، بالىڭىزنىڭ دېگەنلىرىنى تەكرارلىسىڭىز ۋە شۇ ئاساستا مەزمۇنىنى بېيىتسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بالىڭىز «ئالما» دېسە، «قىزىل ئالما يەمسەن؟» دېسىڭىز بولىدۇ.

بالىڭىز جۈملە سۆزلەشكە باشلىغاندا قوللىنىلىدىغان ئۇسۇلمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش. سىز بالىڭىزنىڭ جۈملىسىگە ئىنكاس قايتۇرسىڭىز ۋە بالىڭىزنىڭ جۈملىنى تېخىمۇ ئۇزارتىشىغا ئىلهام بەرسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن، بالىڭىز «دۇكانغا باردىم» دېيىشى مۇمكىن. سىز «دۇكاندا نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟» دەپ ئىنكاس قايتۇرسىڭىز بولىدۇ.

بالىڭىزغا بۇ ئۇسۇللاردا كۆڭۈل بۆلسىڭىز ۋە ئىنكاس قايتۇرسىڭىز، بۇ ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئالاقىلىشىش ئىستىكىنى قوزغاپ، ئۇلارنى تىل ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلهاملاندۇرىدۇ.

## بالىڭىز بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇڭ

ئوخشىمىغان تېمىدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ بەرسىڭىز، بالىڭىز خىلمۇخىل ئوخشىمىغان ئۇسۇللاردا ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنى ئاڭلىيالايدۇ.

كىتابتىكى مەزمۇنىنى بالىڭىزنىڭ هاياتىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا باغلاش بالىڭىزنى سۆزلىتىشنىڭ ياخشى ئۇسۇللىرىدىن بىرىدۇر. مەسىلەن، «بىز بۈگۈن بۇ كىتابتىكى بالىغا ئوخشاش باغچىغا باردۇق. باغچىدا نېمە ئىشلارنى قىلىشنى ياخشى كۆرىسەن؟» دېسىڭىز بولىدۇ.

بالىڭىز بىلەن بىللە كىتابنى ئۈنلۈك ئوقۇپ، سۆزلەرنى ئوقۇغان ۋاقىتتا، ئۇلارنى بالىڭىزغا كۆرسەتسىڭىز بولىدۇ. بۇ بالىڭىزغا سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن يېزىلىشى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ھەمدە بالىڭىزنىڭ سۆزنىڭ تىلنىڭ ئالاھىدە قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ. بۇلار ئوقۇش - يېزىش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى مۇھىم ئۇقۇملاردۇر.

## تىل تەرەققىياتى: دەسلەپكى سەككىز يىل

بالىڭىز ئۈچ ئايلىق ۋاقتىدىن تارتىپ، سەككىز ياشقا كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا تىل تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرەلەيدىغان بەزى مۇھىم ئۇتۇقلار بار.

ئۈچ ئايلىقتىن بىر ياشقا كىرگۈچە بولغان مەزگىل:

بالىڭىز ئۈچ ئايلىق بولغاندا، گۆھرىشى، كولومسىرىشى ۋە ۋىلىقلاپ كۈلۈشى مۇمكىن. ئۇلار چوڭ بولغانسېرى، ئاۋازى ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزى بىلەن ئوينىشىشقا ۋە قول پولاڭلىتىش ۋە بىر نەرسىلەرنى كۆرستىش قاتارلىق ئىشارەتلەر ئارقىلىق ئالاقە قىلىشقا باشلايدۇ.

تۆت ئايلىقتىن ئالتە ئايلىققىچە بولغان مەزگىللەردە، بالىڭىز چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر نەرسىلەرنى دەيدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ چاغدا بوۋاقلار ئالدى بىلەن «با»غا ئوخشاش تاق بوغۇملۇق ئاۋازلارنى چىقىرىدۇ، ئاندىن «با با با» دەپ ئۇنى تەكرارلايدىغان بولىدۇ.

بۇ خىل تاق بوغۇملۇق سۆزلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن، «رەسمىي سۆزلەر»نى دېيىشكە نۆۋەت كېلىدۇ. بالىڭىز سىزگە ئاللىنپملەرنى دەۋاتقاندەك ئاۋازلارنى چىقىرىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ (بۇ باسقۇچتىكى) «سۆز»لىرى ئاڭلاپ چۈشەنگىلى بولىدىغان نورمال سۆزلەرگە ئوخشىمايدۇ. بالىلار ئادەتتە بىر ياشقا كىرگەندە، تۇنجى قېتىم مەنىگە ئىگە سۆزنى ئىشلىتىدۇ.

ئەگەر بالىڭىز 12 ئايلىق بولغىچە گۆھراپ بىر نەرسىلەرنى دېمىسە ۋە قول ئىشارىتى قىلمىسا، دوختۇر بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

12 ئايلىقتىن 18 ئايلىققىچە بولغان مەزگىل:

بۇ باسقۇچتا، كۆپىنچە بالىلار تۇنجى قېتىم مەنىگە ئىگە سۆزلەرنى دەيدۇ. مەسىلەن، بالىڭىز «دادا» دېيىش ئارقىلىق ھەقىقەتەن دادىسىنى چاقىرىۋاتقان بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە ئايدا، بالىڭىزنىڭ سۆزلۈك ئامبىرى موللىشىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئۆزى دېيەلەيدىغاندىنمۇ كۆپ نەرسىنى چۈشىنەلەيدۇ. ئۇ يەنە «ئولتۇرۇڭ» دېگەندەك ئاددىي كۆرسەتمىلەرنى ئاڭقىرالايدۇ.

18 ئايلىقتىن 2 ياشقىچە:

بۇ مەزگىلدە، كۆپىنچە بالىلار ئىككى سۆزنى جەملەپ، قىسقا «جۈملە» ياساشقا باشلايدۇ. بالىڭىز دېگەنلىرىڭىزنىڭ كۆپىنچىسىنى چۈشىنىدۇ، سىزمۇ بالىڭىزنىڭ دېگەنلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى چۈشىنەلەيسىز. ناتونۇش كىشىلەر بالىڭىزنىڭ دېگەنلىرىنىڭ يېرىمىنى چۈشىنەلەيدۇ.

ئەگەر بالىڭىز 18 ئايلىق بولغاندىمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر سۆزلەرنى قىلالمىسا، دوختۇرىڭىز ياكى باشقا ساغلاملىق مۇتەخەسسىسى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكى www.uyghurkitap.com

**ئىككى ياشتىن ئۈچ ياشقىچە بولغان مەزگىل:**

ئادەتتە بۇ مەزگىلدە، بالىنىز ئۈچ ـ تۆت سۆزلۈك جۈملىلەرنى ئىشلىتىپ گەپ قىلالايدىغان ۋە سۆزلەرنى تېخىمۇ توغرا تەلەپپۇز قىلالايدىغان بولىدۇ. شۇنداقلا، ئۇ بىر تەرەپتىن ئوينىغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن گەپ قىلىشى مۇمكىن. نورمال ئەھۋالدا، بالىنىز ئۈچ ياشقا كىرگەندە، ناتونۇش كىشىلەر ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى چۈشىنەلەيدۇ.

**ئۈچ ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان مەزگىل:**

ئادەتتە بۇ مەزگىلدە، بالىنىز ئۆزىنىڭ ئوي ـ خىيالى ۋە ھېسسىياتى ھەققىدە تېخىمۇ ئۇزۇن، تېخىمۇ مۇرەككەپ گەپلەرنى قىلالايدىغان بولىدۇ. بالىڭىز يەنە كۆز ئالدىدا بولمىغان ئىشلار، كىشىلەر ۋە ئورۇنلار توغرىسىدا سوئال سورىيالىشى مۇمكىن. مەسىلەن، «مومامنىڭ ئۆيىدىمۇ يامغۇر ياغامدۇ؟» دېگەندەك.

بالىڭىز يەنە نۇرغۇن تېمىلاردا پاراڭلىشىشنى خالىشى مۇمكىن. بۇ جەرياندا، ئۇلارنىڭ سۆزلۈك مىقدارى داۋاملىق ئېشىپ بارىدۇ. بالىڭىز ئاساسىي گراماتىكىنى چۈشەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە، «چۈنكى»، «ئەگەر»، «شۇنداق» ياكى «قاچان» دېگەندەك سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەرنى ئىشلىتىشكە باشلىشى مۇمكىن. بۇ مەزگىلدە، ئۇلاردىن خىلمۇخىل «قىزىقارلىق» ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

**بەش ياشتىن سەككىز ياشقىچە بولغان مەزگىل:**

باشلانغۇچ مەكتەپ يىللىرىدا بالىڭىز تېخىمۇ كۆپ سۆزلەرنى ئۆگىنىدۇ ۋە تىلدا، سۆز بىلەن تاۋۇشنىڭ قانداق تەڭ خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ. بالىڭىز يەنە ھېكايە توقۇشقا تېخىمۇ ئۇستىلىشىپ كېتىدۇ، چۈنكى ئۇلار سۆزلەرنى خىلمۇخىل ئۇسۇللاردا بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشنى ۋە ئوخشىمىغان جۈملىلەرنى ياساشنى ئۆگىنىدۇ. بۇ خىل تىل ماھارەتلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، بالىڭىز ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشالايدۇ. سەككىز ياشقا كىرگەندە، بالىڭىز چوڭلارغا ئوخشاش پاراڭلىشالايدىغان بولىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمە قىلدى

مەنبە:

https://raisingchildren.net.au/babies/development/language_development/language_development_0_8#language_development_in_children_what_you_need_to_know_nav_title



# ئامېرىكادىكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن باغلىنىشلىق ئالتە يۈز تەشكىلات

# ئامېرىكادىكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن باغلىنىشلىق ئالتە يۈز تەشكىلات

دى دى كرىستېن تاتلوۋ
(DIDI KRISTEN TATLOW)

ئۈچ ئايال ھەر كۈنى ئاممىۋىي مېدىيا ۋاستىسى ئارقىلىق باشقا مىليونلىغان ئامېرىكالىقلارغا ئوخشاش ئامېرىكانىڭ ئەھۋالىغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما، بۇنىڭدا بىر بىنورماللىق بار. بۇ ئاياللارنىڭ ئۈچۈرلىرى بەزىدە تۋىتېر ۋە فېيسبۇكتىكى باشقا ئۈچۈرلارغا ئوخشاش. ئۈچىلىسىنىڭ ئۇسلۇبى ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار كونكېرت ۋەقەلىكلەرنى تىلغا ئالماستىن، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ دېموكراتىك سىستېمىسىنى چۆكۈرىدىغان سۆزلەرنى يېيىشقا مايىل. ئۇلار ئىشلىتىدىغان تىلمۇ ئوخشاش بولۇپ، «قارا تەنلىكلەر ھېچقاچان قۇل ئەمەس! بېشىڭنى تىك تۇت!» دېگەندەك ئويدۇرما ياكى بىر ـ بىرىگە ئوخشاش ئىپادىلەرنى ئىشلىتەتتى. يەنە بىر مەسىلىمۇ بار بولۇپ، بەزىدە غەيرى خىتايچە خەت ئۇلارنىڭ يازمىلىرىنىڭ، ياكى ئۇلارغا ئوخشاش يۈزلىگەن كىشىلەرنىڭ يازمىلىرىنىڭ ئارىسىغا قېتىلىپ قالاتتى.

بۇ قىلمىش بەكلا غەيرى بولۇپ، ئەسلىدە ئۇلار راستىنلا ئايال كىشى ئەمەس، بەلكى 2020 ـ يىللىق پرېزىدېنتلىق سايلىمىدىن ئىلگىرى ئامېرىكادا بۆلگۈنچىلىك ۋە مالىمانچىلىق چىقىرىش قەستىدىكى سىستېمىلىق ھەرىكەتتە قوللىنىلغان ماشىنا ئادەملەر ۋە ئىنتېرنېت دەللاللىرىدۇر.

ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى خەلقئارالىق تور سىياستى مەركىزىنىڭ بۇ يىل يازدا تۋىتېردىكى ۋە فېيسبۇكتىكى بۇ خىلدىكى يوللانمىلار توغرىسىدىكى ئانالىزىدا مۇشۇ خىل يوللانمىلارنى چىقارغۇچىلارنى «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامېرىكانىڭ ئورنىنى چۈشۈرۈش نىشانى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، خىتايچە سۆزلىشىدىغان رولچىلار تەرىپىدىن قىتئە ئاتلاپ ئېلىپ بېرىلغان ساختىپەزلىك قىلمىشى» دەپ سۈپەتلىدى.

بۇ خىلدىكى ساختا تور ھېساباتلىرى ئامېرىكا پرېزىدېنتلىق سايلىمىنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، خىتايغا مۇناسىۋەتلىك گۇرۇپپىلارنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتكەنلىكىنىڭ مىساللىرىدىن پەقەتلا بىرى. مەسىلەن، ئۆتكەن ئالتە ھەپتىدە گوگېل ۋە مىكروسوفت ھەر ئىككىسى بېيجىڭغا مۇناسىۋەتلىك تور ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقىنى دوكلات قىلغان بولۇپ، بۇ ھۇجۇملار بايدىن بىلەن ترامپ ئوتتۇرىسىدىكى سايلام پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى نىشان قىلغان. بىراق، رۇسىيەنىڭ 2016 ـ يىلى ترامپنىڭ پرېزىدېنت بولۇپ سايلىنىشى ئۈچۈن سايلامغا قول تىقىشى بىلەن ئوخشىمايدىغىنى، خىتاينى مەنبە قىلغان ھەرىكەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى بىر كاندىداتقىلا مايىل بولغان ئەمەس. ئەكسىچە، ئامېرىكا ئىستىخبارات ۋە بىخەتەرلىك مەركىزىنىڭ دىرېكتورى ۋىلىيام ئېۋانىنانىڭ (William Evanina) ئېيتقىنىدەك، بۇ ھۇجۇم «ئامېرىكادا ئىستراتېگىيە مۇھىتى شەكىللەندۈرۈپ، خىتاينىڭ مەنپەئەتىگە پايدىسىز دەپ قارالغان كىشىلەرگە بېسىم ئىشلىتىش، شۇنداقلا قايتۇرما ھۇجۇم ۋە تەنقىدنىڭ ئوبيېكتىنى باشقا ياققا يۆتكىۋېتىش»نى مەقسەت قىلغان.

مۇتەخەسسىسلەر سايلامغا مۇناسىۋەتلىك قۇتراشلارنىڭ خىتاينىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىۋاتقان تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىش ۋە تېخىمۇ بەك ئارىلىشىشى ھەرىكىتىنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، كىشىنى ئۇزۇن مۇددەت ئەندىشىگە سالىدىغان تەھدىت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. خەۋەر ھەپتىلىكىنىڭ (Newsweek) تۆت ئايلىق تەكشۈرۈشىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە تەخمىنەن يىگىرمىدىن ئارتۇق تەھلىلچى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئامېرىكا ـ خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەر خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن باغلىنىشى بولغان باشقا گەۋدىلەرنىڭ ئامېرىكادا تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق كۆپ خىل شەكىلدە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ تور مەركىزىي ھۆكۈمەت، شتات ۋە يەرلىكنى قاپلىغان بولۇپ، كۆپ خىل يوللار ۋاستىسى ئارقىلىق بېيجىڭنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىنى روياپقا چىقىرىدىغان يول ۋە ۋاستىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئاۋستىرالىيەلىك سىياسى ئانالىزچى، خىتاينىڭ يەرشارىۋى مۇداخىلە ھەرىكىتى مۇتەخەسسىسى جون گارنائۇت (John Garnaut) «بۇ ۋاستىلەر كارخانا، ئۇنىۋېرسىتېت، ئەقىل ئامبىرى، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت گۇرۇپپىلىرى، خىتاينىڭ دىئاسپورادىكى تەشكىلاتلىرى، خىتاي تىلىدىكى تاراتقۇلار ۋە ئۇندىدار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خەۋەر ھەپتىلىكى ئامېرىكادا مۇشۇ خىلدىكى ئالتە يۈزگە يېقىن گۇرۇپپىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ ھەممىسى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا ئىش كۆرىدۇ.

بۇنىڭغا باغلىنىپ ئەيىبلەنگەن پائالىيەتلەرنىڭ دائىرىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئىجتىمائىي ۋە سودا ئۇچۇرىشىشلىرى، كەڭ كۆلەملىك ئۇچۇر تەشۋىقاتى ۋە بېيجىڭنىڭ مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئامېرىكا مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كرىستوفېر رەينىڭ (Christopher Wray) بۇ يىل يازدا خادسن ئىنستىتۇتىدا (Hudson Institute) قىلغان سۆزىدە، ئۇ ئامېرىكا مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ھەر ئون سائەتتە بىر قېتىم خىتايغا مۇناسىۋەتلىك تەشكۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ئامېرىكادىكى بەش يۈزگە يېقىن ئاكتىپ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش دېلوسىنىڭ يېرىمىغا يېقىنىنىڭ خىتاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئېيتقان.

ئامېرىكا دۆلەتلىك جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش بىخەتەرلىك مەركىزىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن دىن بويد (Dean Boyd) مۇنداق دەيدۇ:«خىتاي دائىرىلىرى خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشقانلىقىنى قەتئىي رەت قىلدى. بىراق، ئامېرىكا دائىرىلىرى ۋە ئامېرىكالىق خىتايشۇناسلار بۇ سۆزگە قارشى مەيدانىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئەدلىيە دائىرىلىرى، شتاتلىق ھۆكۈمەتلەر، مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسى بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئارقىسىدىكىلەرنى ئېنىقلاش بىلەن بولماقتا.»

## بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇقىنى تېكىش

ناۋادا ئۇچ ئايالدىن بىرى بولغان جېسسي ياڭ (Jessi Young) ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ تارتقانلىرى بۇ ھەقتىكى ئېنىقلاشلارنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى بولغان بولسا ئىدى، خىتاينىڭ سايىلامىدىن ئاۋۋال ئامېرىكادىكى جامائەت پىكرىنى كونترول قىلىش ئۇچۇن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ئىشتىن سىرت شۇغۇللىنىلغان، تەسىرى كۆرۈلمەيدىغان مۇنداقلا ئىش سۈپىتىدە كۆرۈلۈپ نەزەردىن ساقىت قىلىنغان بولاتتى.

مەسىلەن، بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقان، تۋىتىردا 200 دىن 300 گىچە، فېيسبۇكتا ئاتمىشتىن ئاشقان خىتاي رولچىلار بۇ ئىككى ۋاستىدە ئېچىلغان ھېسابلارنى رېئال شەخس ئاچقاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان شەكىلدە تەخشەشكە تىركەشمىدى. بۇ يىلنىڭ فېۋرال ۋە ئىيۇل ئايلىرى ئارىسىدا چىقىرىلغان ئۇچۇرلار ئۆلكىدە بۆلگىنچىلىك چىقىرىدىغان مۇھىم نۇقتىلارغا تۇتۇش قىلغاندا، خىتاي رولچىلارنىڭ يوللانمىلىرى ئامېرىكاچە ئۇسلۇب بىلەن ئەمەس، قوپال تەرجىمە ئىنگلىزچىسى بىلەن ئەكس ئەتتى. شۇنداقلا، بۇ رولچىلارنىڭ پىكىر قاتناشتۇرىدىغان مەزمۇنلىرى مەلۇم دائىرىدىلا چەكلەنگەن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتابى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

مىسال بېرىدىغان بولساق، تۆتىنچى پاترىسىيا سىمىس ئىسىملىك قويۇۋالغان تور ئارتىسى سايلام بېلەتلىرىنى تاشلاۋاتقان ئامېرىكالىقلارنىڭ رەسىملىرىدىن بىرىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا «ئەبگا سىستېما ئەخمەق، مەغلۇپ بولغان سىستېما» دەپ يېزىپ تۆتىنچى ئاپرېلدا يوللىدى. سونىيا ماسون ئىسىملىك تور ئارتىسى ھۆكۈمەتنىڭ يۇقۇملۇق ۋىرۇس توغرىسىدىكى ئىش-ئىزلىرىدىن شىكايەت قىلىپ تۆتىنچى يوللانمىسى چىقاردى. لاۋرا دانىيېلس ئىسىملىك تور ئارتىسى مايك پومپېئونىڭ دىن ھەققىدىكى دوكلاتىغا قارىتا «چەكتىن ئاشقان ئەركىنلىك بۇگۈنكى (ناچار) ۋەزىيەتكە سەۋەب بولدى» دەپ يازدى.

ختاي تور ئارتىسلىرى ھەرىكەتتە دائىملا يالغان ئۇچۇرلارنى تارقىتىلىۋەرگەن ئەمەس. ئەكسىچە، ئۇلار بۇ ھەرىكەتتە كۆزگە كۆرۈنگەن خەۋەر مەنبەلىرى تارقاتقان خەۋەرلەرنى ئامېرىكادىكى ئىرقىي ئايرىمچىلىق ۋە ئادالەتسىزلىكلەرنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن قوللانغان.

مۇتەخەسسىسلەر ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئامېرىكانى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئامېرىكانى ئۆز ئىچىدىن ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ختايغا قارشى ئىجابىي كۆز قاراشقا ئىگە قىلىپ چىقىش ئۈچۈن تىركەشكەنلىكىنى بايان قىلىشماقتا. «ختاي بۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئامېرىكا خەلقىنىڭ دۇنياغا قانداق نەزەردە قارىشىغا تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنماقتا» دېيدۇ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بولغان ئاننا پۇگلىسى.

گەرچە ختاينىڭ سايلامغا تەسىر كۆرسىتىش خىزمىتى ئاساسلىقى سايلامنىڭ جەريانى ۋە نەتىجىسىگە قارىتىلغان بولسىمۇ، بىراق ئامېرىكا ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرىنىڭ قارىشىچە، ختاي ئەمەلدارلىرى سايلام رىقابىتىدە تېخىمۇ بەك قارشى ئېلىنغان. يېقىندا، بېيجىڭ ترامپ ھۆكۈمىتى ھەققىدە سەلبىي بايانلارنى كۈچەيتىپ، ئاقسارايىنىڭ خوڭكوڭ ۋە تىك توك ھەققىدىكى بايان ۋە ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق تەنقىدلىدى. شۇنداقلا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ختايغا قايتۇرغان ئىنكاسىنى ئېغىر دەرىجىدە ئەيىبلىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش دىرېكتورى ئېۋانىنا سەككىزىنچى ئايدىكى بىر قېتىملىق باياناتىدا مۇنداق دېگەن:«مەن ختاينىڭ پرېزىدېنت ترامپنىڭ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىمەسلىكىنى ھەممىدىن بەك ئۈمىد قىلىدۇ» دەپ قارايمەن. ختاي يەر شارى ۋاقىت گېزىتى ختاينىڭ بايدىننى ياقلايدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق توختالغان بولۇپ، يېقىندا ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىسىدە ترامپقا قارىغاندا بايدىنغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئاسانلىقىنى ئوچۇق تىلغا ئالغان.

ختاينىڭ دېموكراتلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا مايىللىقىنىڭ سەۋەبلىرىدىن يەنە بىرى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە ئوبامانىڭ ئىككى قېتىملىق ھۆكۈمىتىدىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ختاينىڭ دۇنيا سەھنىسىدە زور كۈچ بىلەن يۇقىرى ئۆرلىشىگە ئومۇمەن قارشى تۇرماسلىقىدىن ئىبارەتتۇر.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكادىكى خىتايغا قارشى كەيپىيات كۆچەيدى. ترامپ سودا، تەسىر كۈچ ۋە جاسۇسلۇق مەسىلىلىرىنى تولىمۇ ئوچۇق شەكىلدە بايان قىلدى ۋە ئاقسارايىنى مەيلى كىم كونترول قىلسۇن، ئامېرىكانىڭ خىتاي سىياسىتىنىڭ تېخىمۇ تەنقىدىي يوسۇندا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئەمما، دېموكراتلار غەلىبە قىلغان تەقدىردە خىتايغا تېخىمۇ خىرىس قىلىش قىلماسلىقى ئېنىق ئەمەس.

## يەرلىك سىياسەتچىلەرگە تەسىر كۆرسىتىش

مايك پومپېئو بىلەن ئۇنىڭ سىياسەت مەسلىھەتچىسى مايلىس يۇ (Miles Yu) ترامپنىڭ خىتايغا قايتۇرما زەربە بېرىشتىكى ئىككى مۇھىم ئادىمى ھېسابلىنىدۇ. يېقىندا پومپېئو خىتاينىڭ ئامېرىكادا سىياسەتكە، سودىغا ۋە جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىش تىرىكچىلىكلىرى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. فېۋرالدا ۋاشىنگتوندا ئېچىلغان بىر يىغىندا پومپېئو خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزىگە مەنپەئەت كەلتۈرەلەيدۇ دەپ قارىغان ئامېرىكالىق مەركىزىي ھۆكۈمەتتىكى ۋە يەرلىك دائىرىلەردىكى سىياسەتچىلەرنى تېپىپ چىقىش ۋە ئۇلارنى ئىندەككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. پومپېئونىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي ئەقىل ئامبارلىرىدىن بىرى ئامېرىكادىكى شتات باشلىقلىرىنى خىتايغا بولغان «دوستانىلىكى»گە بىنائەن دەرىجىگە تۈرگۈزۈپ بولغان. خەۋەر ھەپتىلىكى خىتاينىڭ مەزكۇر ئەقىل ئامبىرى مۇشۇ ھەقتە چىقارغان مەخسۇس دوكلاتىنىڭ بىر نۇسخىسىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئامېرىكالىق ئون يەتتە شتات باشلىقى خىتايغا نىسبەتەن «دوستانە» بولۇپ باھالانغان. ئون تۆت شتات باشلىقى «مەيدانى ئېنىق ئەمەس» بولۇپ باھالانغان. سەككىز شتات باشلىقى «قاتتىق قول»، قالغانلىرى «نائېنىق» بولۇپ باھالانغان. پومپېئو شتات باشلىقلىرىغا مۇنداق دېگەن: «خىتاي سىلەرنى مەيلى دوستانە دەپ بىلسۇن، مەيلى قاتتىق قول دەپ بىلسۇن، شۇنى بىلىڭلاركى خىتاي ئوخشاشلا سىلەرنى ۋە ئەتراپىڭلاردىكىلەرنى ئىندەككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ.»

ئالتە ئاي كېيىن، شى جىنپىڭ بېيجىڭدا ئىقتىسادشۇناسلارغا ۋە جەمئىيەتشۇناسلارغا ئاچقان بىر قېتىملىق يىپىق يىغىندا ئۇ نەچچە ئىقتىسادشۇناس ۋە جەمئىيەتشۇناسقا خىتاينىڭ ئامېرىكالىق سىياسىي ۋە سودا سەرخىللىرى بىلەن «ھەمكارلىق»نى ھەسسىلەپ كۆچەيتىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقان. بۇ دەل پومپېئو ئاگاھلاندۇرغان ئىشنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. خىتاينىڭ شىنخۇا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، شى جىنپىڭ يەنە مۇنداق دېگەن:«بىز چوقۇم بىز بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغان دۆلەتلەر، رايونلار ۋە كارخانىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى ئاكتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.»

مايك پومپىئو سۆزىدە خىتاينىڭ ئامېرىكاغا دۆلەت مىقياسىدا مۇداخىلە قىلىشىنىڭ ئاشقانلىقىنى ئېيتقان. ئۇنىڭ دېيىشىچە، 2019 ـ يىلى خىتاينىڭ خيۇستوندىكى (Huston) كونسۇلخانىسىدىكى خادىملار مىسسىسىپى شىتات باشلىقى فىل بريانتقا (Phil Bryant) خەت يېزىپ، ناۋادا ئۇ تەيۋەننى زىيارەت قىلسا، خىتاينىڭ مىسسىسىپى شىتاتىغا مەبلەغ سېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالغان. بريانت يەنىلا تەيۋەننى زىيارەت قىلغان.

مىساللاردىن يەنە بىرىدە، خىتاينىڭ چىكاگودىكى كونسۇلخانا خادىملىرى ۋىسكونسىن شىتاتىدىكى قانۇن تۈزگۈچى، جۇمھۇرىيەت پارتىيىسى ئەزاسى روگېر روسقا (ROger Roth) خەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن خىتاينىڭ خىتاي ۋىرۇسىغا (ماقالىدە «COVID 19» دەپ ئېلىنغان) قايتۇرغان ئىنكاسىنى مەدھىيىلەيدىغان بىر لاھىيە يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. روس دەسلەپتە بۇ تەلەپنى ئۆزىگە قىلىنغان چاقچاق دەپ قاراپ، بۇنىڭغا ئېرەنشىمىگەن خىتاي كونسۇلخانىسىدىكىلەر يەنە ئوخشاش تەلەپ بىلەن خەت يازغاندىن كېيىن، روس «ئەس ھوشىنى يوقاتقانلار» دەپ يېزىپ، بىرلا خەت بىلەن جاۋاب قايتۇرغان.

خىتاي يۇقىرىقى ئىككى قېتىملىق تىركىشىشتە نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ مەقسىتىگە يېتىشمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ سودا ساھەسىدە شۇنداق. ئەمەلدارلاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ:«سىزنى خىتايغا نۇرغۇن مەبلەغ سالغان، ياكى ئاشلىق ئېكسپورت قىلىدىغان شىتات باشلىقلىرىدىن بىرى دەپ تۇرايلى. خىتاي چوقۇم مۇشۇ مۇناسىۋەتنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن قوللىنىدۇ.»

خىتاينىڭ باشقا دۆلەتلەردىكى ھەرىكىتى تېخىمۇ كۈچلۈك. ئەھۋال شۇ دەرىجىدىكى، ھەتتا باشقا دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگىمۇ تەھدىت سېلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئاۋستىرالىيە مېدىيالىرىنىڭ بۇلتۇرقى خەۋەرلىرىدە دېيىلىشىچە، خىتاي ئىستىخبارات تارماقلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەسىلىسى بار نىك جاۋ ئىسىملىك خىتاينى ئاۋستىرالىيە پارلامېنتىغا جاسۇس سۈپىتىدە كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنغان. خىتاي جاۋنىڭ سايلام ئىشىدا بىر مىليون ئاۋستىرالىيە دوللىرى مەبلەغ ئاجراتقان. ئوتتۇز نەچچە ياشلىق جاۋنىڭ 2019 ـ يىلى مېلبورندىكى بىر مېھمانخانىدا ئۆلۈكى چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ چەكتىن ئاشقان دەرىجىدە دورا ئىستېمال قىلغىنى بايقالغان. شۇ يىلى،

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئاۋستراليىيە پارلامېنتى ۋە ئۈچ ئاساسلىق سىياسىي پارتىيەگە قارشى تور ھۇجۇمى ئېلىپ بارغان. رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ھۇجۇمدا ئىستراتېگىيە ھۆججەتلىرى ۋە ئېلخەت يوللانمىلىرىغا قارا قول تەگكەن.

كانادادا 2019 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا قۇرۇلغان ئالاھىدە پارلامېنت كومېتىتى خىتاينىڭ «نومۇسسىزلارچە» بوٗسوٗپ كىرىشى توغرىسىدىكى شىكايەتلەرگە قايتا قاراپ چىقماقتا ئىكەن.

خىتاي ۋىرۇسى جەريانىدا ياۋروپامۇ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قايتا قاراپ چىقىشقا باشلىغان. بۇ يىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خىتاي ئىتالىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئەھۋالى خەتەرلىك دۆلەتلەرنى تىببىي ياردەم بىلەن تەمىنلىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە خىتاي قۇتقازغۇچى سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىندى، شۇنداقلا ياۋروپا ئېتتىپاقىغا بولغان ئىشەنچ تۆۋەنلەشكە يۈز تۇتتى. ئۆكتەبىردە، خىتاي «بۆرە جەڭچىسى» دەپ ئاتىلغان يېڭىچە ھۇجۇمچى دىپلوماتىيەنى ئىشقا سېلىپ، شۋېتسىيەنىڭ خىتايدىكى بىر يۇقراسىنى تۇتقۇن قىلدى ۋە قاماققا ئالدى. شۋېتسىيە بولسا خۇاۋېي، ۋە خىتاي خەۋەرلىشىش شىركەتلىرىنى، شۇنداقلا خىتاينىڭ تورى قۇرۇلۇشىنى «شۋېتسىيە بىخەتەرلىكىگە تەھدىت» كەلتۈرۈش ئەندىشىسى بىلەن شۋېتسىيەدە چەكلىدى. بۇ يىلنىڭ بېشىدا، شۋېتسىيە يەنە ئۆز تۇپرىقىدىكى بارلىق كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرىنى تاقىۋەتتى.

بىراق، ئامېرىكانىڭ خىتايدىن كېلىۋاتقان تەھدىتكە تېخىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنىڭ كۆپلىگەن ئالامەتلىرى مەۋجۇت. يەتتىنچى ئايدا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى خىتاينىڭ خيۇستوندىكى كونسۇلخانىسىنى تاقىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، خىتاينىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى ئىزچىل ھالدا تېخنولوگىيە ئوغرىلىقىنى داۋاملاشتۇرغانلىقى، ئامېرىكانىڭ ھەر قايسى شتاتلىرىدا سىياسەتكە مۇداخىلە قىلغانلىقى، نۇرغۇنلىغان كارخانىلارغا يوشۇرۇنچە سىڭىپ كىرگەنلىكى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. خىتاي بولسا ئۆزىنىڭ بۇنداق قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلىقىنى رەت قىلدى.

## خىتاينىڭ سېھىرلىك قورالى

خىتاي ئامېرىكادىكى تەسىر كۈچىنى ۋە ئارىلىشىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياردەمچى بولۇشى ئۈچۈن، شى جىنپىڭ خىتاينىڭ «سېھىرلىك قورالى» دەپ ئاتىغان قورالغا تايىنىدۇ. بۇ قورال خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىرلەشمە فرونتى خىزمەت بۆلۈمى دەپ ئاتىلىدىغان كومپارتىيە بۆلۈمى رەھبەرلىك قىلغان «بىرلەشمە فرونت» سىستېمىسىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com

ختاينىڭ بىرلەشمە فرونتى (United Front) «ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋە ختاي دۆلىتىنىڭ ئورگانلىرىنىڭ ختاي ئىچىدە ۋە ختاينىڭ سىرتىدا ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىرتىدىكىلەرگە تەسىر كۆرسىتىشى ئۈچۈن قۇرۇلغان توردۇر.» بىرلەشمە فرونت چەتئەلدىكى ختايلارغا زور كۈچ بىلەن خىزمەت ئىشلەيدىغان بولۇپ، ئۇلاردىن مىللەتكە ساداقەت كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ «ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش» ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىنى روياپقا چىقىرىشى ئۈچۈن خىزمەت ئىشلىدى. بىرلەشمە فرونت ھەمىشە بۇنداق ئىشلاردا شەخسىي مەنپەئەتنى كوزر قىلدۇ. سودا پۇرسىتى قاتارلىق مەنپەئەتلەر ئارقىلىق ماسلاشقۇچىلارنىڭ گىلىنى ياغلاپ تۇرىدۇ.

بىرلەشمە فرونتقا تەۋە گۇرۇپپىلار تولا ھاللاردا ئاڭلىماققا ناھايىتى ساددا ئىسىملارنى قويىۋالىدۇ. «چەتئەلدىكى ختايلار ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى» دېگەندەك ئىسىملار مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن. بىرلەشمە فرونت بىلەن ماس قەدەمدە ھەرىكەت قىلىدىغىنى ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ يەرشارىۋىي تورى ھېسابلانغان «دوستلۇق جەمئىيىتى»دۇر. ختايغا تەۋە بۇ خىل گۇرۇپپىلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقا ئامېرىكا تەشكىلاتلىرى بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بولغان باغلىنىشىدىن خەۋەرسىز بولۇشى مۇمكىن. پومپېئونىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك شتات باشلىقلىرى جەمئىيىتىنىڭ بىرلەشمە فرونت سىستېمىسى بىلەن ۋاستىلىك ھالدا مۇناسىۋەتى بولغان «ختاي خەلق دوستلۇق جەمئىيىتى» نامىدىكى بىر گۇرۇپپا بىلەن ئامېرىكا ختاي «ھەمكارلىق ئۆچرىشىشى»نى تەسىس قىلغان. پومپېئو يىغىندا قاتناشقۇچى شتات باشلىقلىرىدىن «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا قانچىلىك كىشىنىڭ ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن مۇناسىۋەتى بار؟» دەپ سورىغان.

يېڭى زېلاندىيە كانتېربىري ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ختاي سىياستى پروفېسسورى ئاننى مارىي برېيدى (Anne ـ Marie Brady) مۇنداق دەيدۇ:«بىرلەشمە فرونت ختاينىڭ چەتئەل سىياستى تارمىقىدىن ئىبارەت. بىرلەشمە فرونت ختاي جاسۇسلۇق ئاپپاراتلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ (چەتئەل ھۆكۈمەت، ئورگان، تەشكىلاتلىرىغا) سىڭىپ كىرىش ئىشىنى بېجىرىدۇ.» بىرلەشمە فرونتنىڭ چېتىلىش دائىرىسى «دوستلىشىش»تىن تارتىپ سېپى ئۆزىدىن ئىشپىيونلۇق ھەرىكەتلىرىگىچە بولغان پۈتكۈل ساھەگە مەسئۇل بولۇشى مۇمكىن.

ئامېرىكا جورج توۋن ئۇنىۋېرسىتېتى بىخەتەرلىك مەركىزى تەتقىقاتچىسى ريان فېداسۇك (Ryan Fedasuik) مۇنداق دەيدۇ:«ختاي ھۆكۈمىتى دائىملا بىرلەشمە فرونتنىڭ چەتئەلدىكى تەسىرى ۋە سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ تۇرىۋالدۇ. ھالبۇكى، ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ فرونتقا

زور مەبلەغ ئاجرىتىشى ئۇنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىرلەشمە فرونت ئۈچۈن 2019-يىلى بىر يىلدا ئاجرىتىلغان مەبلەغ 2.6 مىليارد دوللار بولغان. بۇ مەبلەغنىڭ ئالتە يۈز مىليوندىن كۆپرەكى چەتئەللەردىكى خىتاي جامائىتى ۋە چەتئەللىكلەرنى (پايلاش ۋە ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا) ئاجرىتىلغان.» بىرلەشمە فرونت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىقتىساد خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئۈچۈن كېتىدىغان ئىقتىسادتىن ئېشىپ كەتكەن.

## بىرلەشمە فرونت ھەرىكەتتە

ئونىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نيۇيوركتىكى پايدا ئالمايدىغان تەشكىلات ھېسابلانغان «خىتاي ئىنستىتۇتى»دا ئۈچ كۇنلۇك يىغىن ئۇيۇشتۇرۇلغان. بۇ يىغىن بىرلەشمە فرونتنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىغا دائىر كلاسسىك بىر ئۈرنەكنى ئوتتۇرىغا قويغان. «كىرزىس دەۋرىدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش» ماۋزۇسىدىكى بۇ پائالىيەتتە قاتناشقۇچىلارغا «ئامېرىكا-خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيچىلىك ۋە ئۆزگىرىشچان دۇنيا قارشىسىدا قانداق قىلىپ ئۇتۇق قازىنالايدىغانلىقى» توغرىسىدا ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىلگەن.

پائالىيەتكە ئامېرىكانىڭ كارخانا، ئىلىم، تېخنولوگىيە، مېدىيا، دىپلوماتىيە ۋە سىياسەت ساھەسىدىكى سەرخىللىرى ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، ئىشتىراكچىلار ئارىسىدا مىچىگان شتاتىنىڭ سابىق باشلىقى رىك سنىيدېر (Rick Snyder) ۋە ۋىلسون مەركىزى كىسسىنجېر تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ستېپلتون روي (Stapleton J. Roy) قاتارلىقلارمۇ بار. بىراق، «ئىلىم ساھەسىدىكى ئۈچ شىرىك»نىڭ بىرلەشمە فرونت بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك مۇناسىۋىتى بارلىقىنى قاتناشقۇچىلار بىلمەسلىكى مۇمكىن.

يىغىنغا مەركەز قىلغان «خىتاي ۋە يەرشارىلىشىش مەركىزى» نامىدىكى ئەقىل ئامبىرى يۇقىرىدا نامى كەچكەن شىرىكلەردىن بىرى. جوسكىننىڭ ئېيتىشىغا كۆرە، بۇ ئەقىل ئامبىرى ۋاڭ خۇيياۋ تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، ۋاڭ خۇيياۋ دېگىنى بىرلەشمە فرونتنىڭ تارماقلىرىدىن بىرى بولغان «چەتئەلدە ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتقان ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى. ئۇنىڭ بىرلەشمە فرونت بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان كۆپلىگەن ئىسپاتلار مەۋجۇت. «ئامېرىكادىكى خىتاي باش سودا ئۇيۇشمىسى» ۋە «چىكاگو خىتاي باش سودا ئۇيۇشمىسى» قاتارلىقلارمۇ ئوخشاشلا بىرلەشمە فرونت بىلەن مۇناسىۋىتى بار گۇرۇپپىلار ھېسابلىنىدۇ. ھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ئىككىلىسى خەۋەر ھەپتىلىكى ئىنقىلاپ چىققان، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىرلەشمە فرونتىغا باغلىنىشلىق ئالتە يۈزدەك گۇرۇپپىنىڭ ئارىسىدا.

خىتاي ئىنىستىتۇتىدىن بۇ ھەقتە جاۋاب بېرىش تەلەپ قىلىنغاندا «بۇ خىلدىكى تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىلىشىدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ كۆنىمىزدىكى مۇھىم بولغان مەسىلە ۋە تېمىلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆپلىگەن ئەزالارغا ئىگە بولغانلىقىدا. بىز ئۇلارنىڭ دىئالوگقا قاتنىشىشى كاپالەتكە ئىگە قىلالىشىمىزنى ئۈمىد قىلىمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئامېرىكادىكى خىتاي باش سودا ئۇيۇشمىسى بىر ئېلخەت يازمىسىدا ئۆزىنىڭ بىرلەشمە فرونت بىلەن مۇناسىۋەتى بارلىقىنى ئىنكار قىلىپ، ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ «قىممەت يارىتىش، ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ئامېرىكا ۋە خىتاي سودا ساھەسى ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش» ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىپ تۇرۇۋالغان.

نيۇيورك شەھىرىدىكى ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ ئانالىزچىلىرىدىن بىرى بولمىش ياچيۇ ۋاڭ مۇنداق دەيدۇ:«مۇھىم بولغىنى، خەۋەر ھەپتىلىكى ئىنقىلاپ چىققان كۆپلىگەن گۇرۇپپىلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى خىتاي مىللىتىدىن بولۇپ، بەلكىم بۇ ئەزالار مەركىزى تەشكىلاتنىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتى بارلىقىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. ئۇلار بۇ گۇرۇپپا ۋە تەشكىلاتلارغا بەلكىم جامائەتچىلىك تۇيغۇسى ۋە سودا پۇرسىتى قاتارلىقلارنى نەزەردە تۇتۇپ قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ گۇرۇپپىلار يەنىلا خىتاي كونسۇلخانىسىغا يېقىنلىشىشتا بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەن، شۇنداقلا خىتاينىڭ تارماق كونسۇلخانىلىرىنىڭ ئابرۇيى ـ ئىناۋەتكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان بولۇشى مۇمكىن.» خىتاينىڭ دىپلوماتىك سىستېمىسى مۇشۇ گۇرۇپپا، تەشكىلات، جەمئىيەت ۋاستىسى ئارقىلىق يەرلىك خىتاي جەمئىيىتى بىلەن مۇناسىۋەت قۇرغان.

بەزى گۇرۇپپىلار ئامېرىكا شىركەتلىرى ئوتتۇرىغا چىقارغان تېخنولوگىيەلەرنى خىتاي شىركەتلىرىگە تەمىنلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇھىم سىڭىپ كىرىش نىشانلىرىدىن بىرىدۇر. خىتاي بىرلەشمە فرونتى يەنە ئامېرىكادىكى خىتاي تىللىق مېدىياغا سىڭىپ كىرگەن بولۇپ، ئۇ يەردە ئۈچ مۇھىم ئۈچۈر توپلاپ ئىرىشكەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

خەۋەر ھەپتىلىكى ئامېرىكادىكى تۆۋەندىكى ئورگانلارنىڭ خىتاي بىرلەشمە فرونتى بىلەن مۇناسىۋەتى بارلىقىنى ئىنقىلاپ چىققان: خىتايدىن كۆچمەن بولۇپ كەلگەن يۇرتداشلار دوستلۇق جەمئىيىتىدىن كامىدا سەكسەن ئۈچى؛ خىتايلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتىدىن ئونى؛ خىتاي تىللىق مېدىيا ماركىلىرىدىن ئون ئۈچى؛ ئامېرىكادىكى يەتمىشتەك خىتاي كەسپىي خادىملىرى جەمئىيىتىنىڭ

يېرىمى؛ خىتاي بىلەن تەيۋەننىڭ تىنچ ھالدا بىرلىككە كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇچۇن قۇرۇلغان تەشكىلاتتىن ئوتتۇز سەككىزى؛ دوستلۇق تەشكىلاتى نامىدىكى تەشكىلاتتىن بەشى؛ مائارىپ، مەدەنىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان گۇرۇپپا، جەمئىيەت، تەشكىلاتلاردىن يۈز يىگىرمە توققۇزى. بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكادا تەخمىنەن ئۈچ يۈز مىڭ خىتاي ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، خىتاي ئوقۇغۇچى، تەتقىقاتچى جەمئىيىتىدىن ئىككى يۈز ئاتمىش بەشى بار. بۇ جەمئىيەتلەر خىتاي دىپلوماتىيە خادىملىرى ۋە خىتاي سىياسىي ئورگانلىرى بىلەن دائىملا ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ.

بۇ گۇرۇپپا، تەشكىلات ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ خىزمەت دائىرىسى خىتاي ھەققىدە ئىجابىي كۆز قاراش تىكلەشتىن، خىتاي ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىشقىچە سوزۇلغان.

خىتاي ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىشنىڭ مىساللىرىدىن بىرى 2020-يىلى، توققۇزىنچى ئايدا يۈز بەرگەن، شىزاڭدىن كەلگەن نيۇيوركلۇق ساقچىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە خادىمى بولۇشى سەۋەبلىك تۇتۇلىشىدۇر. ئامېرىكا ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ئەيىبلىشىگە بىنائەن، بۇ ساقچى خىتاي بىرلەشمە فرونتى تارمىقىدىكى شىزاڭ مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەمئىيىتى ئۈچۈن ئىشلىگەن. ئەيىبلەشكە قارىغاندا، بۇ ساقچى نيۇيوركتا ئولتۇراقلاشقان خىتاي پۇقرالىرى ئۈستىدىن پايلاقچىلىق قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىشپىيونلۇق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش مۇمكىنچىلىكىنى باھالاپ چىققان. شۇنداقلا، خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ نيۇيورك شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىغا كىرىشىگە يول ھازىرلىغان.

بىرلەشمە فرونت بىلەن چېتىشلىقى بار ئامېرىكادىكى تەشكىلات، گۇرۇپپىلار قازغانسېرى چىقىۋېرىدىغاندەك قىلىدۇ. خىتاي مېدىياسىدا ۋە بىرلەشمە فرونتقا باغلىنىشلىق تەشكىلاتلارنىڭ تۈرلۈك خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن ئوتتۇز يىل ئاۋۋال ھېنرىي كېسىنجىرنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان، نيۇيوركنى مەركەز قىلغان خىتاي ئەسلىلىك ئامېرىكالىقلارنى ھىمايە قىلىدىغان تەشكىلات ھېسابلانغان «100 كومىتېتى» بىرلەشمە فرونتقا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر تەشكىلات ھېسابلىنىدۇ. بىرلەشمە فرونت خىزمەت بۆلۈمىنىڭ نەنجىڭ شەھىرىدىكى تور بېتىدە ئامېرىكالىق سودىگەر، شۇنداقلا 100 كومىتېتىنىڭ رەئىسى خ. روگېرنىڭ نەنجىڭ چەتئەل دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسلىكى بىلدۈرۈلگەن. بۇ جەمئىيەت خىتاينىڭ بىرلەشمە فرونتىنىڭ شەھەر دەرىجىلىك تارماقلىرىدىن بىرىدۇر.

2018-يىلى مۇدرىيەت يىغىنىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان ۋاڭ فامىلىلىك خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» پىلانى قاتارلىق مۇھىم تۈرلىرى توغرۇلۇق ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ، خىتاي بىر بەلباغ پىلانى ئارقىلىق يەتمىشكە يېقىن دۆلەتنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سالىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. ئامېرىكا خىتاينىڭ بۇ پىلانى بىلەن ھەمكارلاشقۇچى دۆلەتلەر قاتارىدا يوق بولۇپ، بۇ پىلانى بېيجىڭنىڭ دۇنيا مىقياسىدا ئۆز تەسىرىنى كۈچەيتىش ئورۇنۇشىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى دەپ قارايدۇ. ۋاڭ خىتاي كۇندىلىك گېزىتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېگەن:«100 كومېتتى نۆۋەتتە نۇرغۇنلىغان ساھەلەرگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلماقتا. بىر بەلباغ، بىر يول پىلانىمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە. شى جىنپىڭ يۈز كومېتتىنى <دوستانە تەشكىلات> دەپ ئاتىدى. بۇ تەشكىلات خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن قەرەللىك رەۋىشتە كۆرۈشۈپ تۇرىدۇ.

100 كومېتتىنىڭ يۈز ياردەمچىسى فۇلتون خوۋدىن بۇ ھەقتە جاۋاب تەلەپ قىلغىنىمىزدا، ئۇ ئېلخەت ۋاستىسى ئارقىلىق مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:«بىز چەتئەل ھۆكۈمىتى ياكى سىياسى پارتىيىلىرىنىڭ — مەيلى ئۇ خىتايغا ياكى باشقا ھەر قانداق دۆلەتكە باغلىنىشلىق بولسۇن — ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ۋە دېموكراتىيىنىڭ ئۇلىنى كولاش ياكى تەسىر كۆرسىتىش تىپىدىكى ھەر قانداق تىرمىششلىرىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز. خىتاي ئەسلىلىك ئامېرىكالىقلارنىڭ ئامېرىكادىكى ھاياتقا پۈتۈنلەي سىڭىشىشىنى ۋە خىتاي ـ ئامېرىكا دىئالوگىنىڭ بەرپا بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىزنىڭ قوش ۋەزىپىمىزدۇر.»

بۇنىڭدا بىرەر خاتالىق بارمۇ؟ قارىماققا يوق. ئەمما، مەسىلىنىڭ ئاستىدا ياتقان ئىشلارنى پەرقلەندۈرۈش تەس. ئامېرىكا ـ ئاسىيا قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئالۋىن چېئۇڭ (Alvin Y.H. Cheung) مۇنداق دېدى:«خىتاي بىلەن قانداق مۇناسىۋەت ئورنىتىش ھەممەيلەن چوقۇم دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەردىن بىرى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش باشقا ھەر قانداق مۇناسىۋەتلەرگە ئوخشاش بولۇپ، سىز بۇ خىل مۇناسىۋەتتە چەك ـ چېگرالارنى بەلگىلىۋېلىشىڭىز كېرەك.»

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.newsweek.com/2020/11/13/exclusive-600-us-groups-linked-chinese-communist-party-influence-effort-ambition-beyond-1541624.html



# سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرغان كۈنلەرنىڭ خاتىرىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرغان كۈنلەرنىڭ خاتىرىسىدىن

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

مەن كۆپىنچە تورلاردىن سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە مۇسۇلمان دۆلەتلىرى نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلمايدۇ؟ دېگەن تېمىدا ماقالىلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىمەن، ھېچ ئۇنۇمى بولمايدىغان بۇ ئىشلاردىن بىر ئاز بولسىمۇ چۈشەنچە بېرىشنى ئويلىدىم.

مانا 2019 ـ يىلى ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل مىنۇتلارنى ئۆتكۈزۈش پۇرسىتى كەلدى. سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ئۆمرە ھەج قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. گۈزەل ئارزۇ ئارمانلار ئىچىدە تۇنجى قېتىملىق قەدىمىمنى ئالدىم. مەن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپلا ئۇزۇن بولماي بىر ئۇيغۇر قىز ـ يىگىتنىڭ تويىغا قاتناشتىم. ئەمما توينىڭ باش پېرسوناژى بولغان قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋەتەندە بولغاچقا، قىز ئۆزىنىڭ بۇ ئۆمۈرلۈك خۇشاللىق كۈنىدە خۇشال كۆرۈنمەيتتى. پەقەت بىر رەسمىيەت قاتارىدا بولغاندەك تۇراتتى.

مەن بۇ تويغا قاتناشقاندىن كېيىن، سەئۇدى ئەرەبىستاندا تەخمىنەن 10مىڭدىن كۆپرەك ئۇيغۇر باركەن دەپ پەرەز قىلدىم. ھەم بۇ تويدىكى ئۆزى بىلەن تەڭ ئالتۇنلارنى تاقاپ كەلگەن ئاياللارنى كۆرۈپ، ئىقسادى شارائىتىنىڭ ناھايىتى ياخشىلىقىنى بىلىش تەسكە توختىمىدى. شۇنداق قىلىپ مېنىڭ بۇ گۈزەل ئەسلىمىلىرىم باشلاندى. بۇ ناھايىتى سىرلىق ۋە مۆجىزىگە تولغان بىر شەھەر ئىدى. ناھايىتى گۈزەل ئىدى. ئەمما ئىچىدە ياشاۋاتقان ئىنسانلارنى چۈشىنىش بولسا ئۇنچە ئەمەس ئىدى.

سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئىككى خىل تىپتىكى ئىنسانلار ياشايدىكەن. بىرسى ـ ھەقىقى سەئۇدىلىقلار، يەنە بىر بولسا كۆچمەن ئىنسانلار بولۇپ، ھەقىقى سەئۇدىلىقلار ساقچى، مەمۇر، ھۆكۈمەت خادىملىرى قاتارلىق يۇقىرى ئىمتىيازلىق ئىشلارنى قىلىدىكەن. قالغان كۆچمەن ئىنسانلار ھەقىقى سەئۇدىلىققا ئوخشاش كېيىنىپ، ئىشچىلار سىنىپى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان ئىشلارنى قىلىدىكەن. ئاق ئۇزۇن كۆڭلەك (تەخمىنەن پۇتىنىڭ ئۇچىدا ) بىشىغا سەئۇدىلىقلارنىڭ ياغلىقىنى ئارتىپ سودا سېتىق، تىجارەت، ھامماللىق، شوپۇرلۇق، ئالتۇن ـ كۈمۈش سېتىش قاتارلىق بىر قاتار خىزمەتلەر بىلە ن شۇغۇللىنىدىكەن. بۇ دۆلەتتە ياشايدىغان كۆچمەن ئىنسانلار بولسا (قىسقا ئەسكەرتىش ـ مەككە شەھىرىگە كاپىرلار قوبۇل قىلىنمايدىغان بولۇپ، كاپىر ھالەتتە پۈتۈنلەي مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن قوبۇل قىلىدىكەن، باشقا شەھەرلىرىدە كاپىرلارمۇ بار ئىكەن ) بېنگاللىق،

ھىندىستانلىق، يەمەنلىك، مىسىرلىقلار ياشايدىكەن. ھەرقانداق بىر دۆلەتتىن كېلىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانغا ئىش قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بىر كۆچمەنگە بىر سەئۇدىلىق كېپىل بولىدىكەن.

پۈتۈن نازارەت قىلىش ۋە ئەركىنلىك بېرىش ھوقۇقى ھەقىقى سەئۇدىلىقنىڭ مەرھەمىتىنىڭ ئاستىدا بولىدىكەن. بۇ خىل ئەھۋالنى بىرئاز چۈشىنىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن؟ يەنى ھەقىقى سەئۇدىلىقنىڭ قانداق ئىنسان ئىكەنلىكىنى ھىچ بىلمەيدۇ، يەنى ئادىللىق، ھەققانىيلىق، دۇرۇسلۇق، ئەخلاق قاتارلىق جەھەتلەردە پىششىپ يېتىلگەنمۇ يوق ئۇنى بىلىش تەس. ئەمما سىز ئەركىن ئىرادىڭىزنى شۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشىڭىز كېرەك. ھەقىقى سەئۇدىلىقنىڭ چاپىنىنىڭ ئاستىدا سودا سېتىق، ئىقتىسادى كىرىم يارىتىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنالايسىز. يەنى بۇ دۆلەتتە پادىشاھ پۈتۈن پۇقرالارغا پادىشاھلىق قىلغان بولسا، سىزنىڭ كېپىلىڭىز سىزگە پادىشاھ دىگەن گەپكەن. ئەلۋەتتە بۇنداق شەخسى پادىشاھلىق ئاستىغا كىرىپ، ئىش قىلغان نۇرغۇن ئاقما نوپۇسلۇق مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ دۆلەتتە زىددىيەت تۇغدۇرۇش ئېھتىمالى يۇقىرى ئىكەن.

ئىشەنچلىك ئىنسانلارنىڭ ماڭا دەپ بەرگەنىدە، بۇ شەخسىي پادىشاھلارنىڭ قالايمىقان ھوقۇق ئىشلىتىش نەتىجىسىدە، ئۆزىگە كېپىل بولغان ھەقىقى سەئۇدىلىقنى ئۆلتۈرۈپ، پارچىلاپ توڭلاتقۇغا تىقىپ قويغاندىن كېيىن، ئۆز دۆلىتىگە قاچقانلىقتەك پاجىئەلەرمۇ يۈز بېرىپتۇ.

بۇ دۆلەتتە سەئۇدىلىق ئاياللارغا ئوخشاش كىيىنىپ يۈرۈشىڭىز كېرەك.

بۇ يەردە ئاقما نوپۇسلۇق ئىنسانلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسپىتى يۇقىرى بولغاچقا، يېقىنلىرىم مېنى تاكسىغا چىقىپ بىر يەرگە بېرىشتىن توستى.

ئەمدى گەپنى ھەقىقى سەئۇدىلىقتىن باشلاي.

2020 - يىلى 2 - ئايدا مەككە شەھرى ئىچىگە جايلاشقان مۇقەددەس كەبىگە تېخى خىتاي ۋىرۇسىدىن خەۋەرسىز ھالدا نەچچە مىليون ئىنسانلار (ئاللا ھ رازىلىقى ئۈچۈن ) ئىبادەت قىلىشىۋاتقان بولۇپ، ھەركۈنى مىليونلارچە مۇسۇلمان ناماز ئوقۇيتى. قۇرئان ئوقۇيتى.

ئۇ كۈنىمۇ ئىنسانلار يەنىلا ناھايىتى كۆپ ئىدى. مەن كەبىگە قاراپ تۇرۇپ ئوقۇش نىيىتىدە، كەبىگە يېقىن يەردىن ئۆزۈمگە بىر كىشىلىك يەر تېپىشتا قىينالمىدىم. ئەمما كەبە ئىمامى ئەزان ئوقۇشنى باشلىغانلىقتا، سەلدەك ئېقىپ كىلىۋاتقان ئاياللار جامائىتى (ھەممىسى ئوخشاشلا قارا كىيىم كىيگەن، ھەرخىل مىللەتتىن تەشكىل تاپقان ئاياللار ) يۈپۈرلۈپ كېلىشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

ئاياللار بىر پۈتچىلىك، كىچىك ئارلىقنى كۆرۈپلام قالسا كىرۋىلىپ باراتتى. بىز تۈرك، ئۇيغۇر، ھەقىقى سەئۇدىلىق ئايال ئۈچىمىز قوللىرىمىزنى جەينەكتىن بىرلەشتۈرىۋالدۇق، بۇ كۆچىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، خاتىرجەم ناماز ئوقۇش ئۈچۈن،ئۆزىمىزنى مۇستەھكەملىۋالغان بولدۇق. ئەمما ئالدىنقى قاتاردىكىلەر بىزدەك قىلمىغاچقا،سەپلىرى قالايمىقانلىشىپ،قىستاڭ قىستاڭ بولۇپ كەتتى. مۇشۇ قىستاڭچىلىق ئىچىدە، ئالدىمىزدىكى بىر ئايال ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ھازىرلىۋالغان ئورۇندۇقنى، تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى، شۇنىڭ بىلەن ساپ بىر ساغلام تۈرك ئايال چەپدەسلىك بىلەن ئۆزىنى بىرلام ئېتىپ، ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە مەھكەم ئولتۇرۋالدى.

ئەمدى گەپنى ئا ئۇيغۇردىن ئاڭلايلى.

ئا ئۇيغۇر - ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇزۇن ۋاقىت سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرۋاتقان كۆچمەن ئىدى.

ئۇ ئىشلەۋاتقان ئاشخانا ھۆكۈمەت مەمۇرى ئورگىنىنىڭ قارشىسىدا بولۇپ، بۇ يەرگە تاماق يېگىلى كېلىدىغانلار ئاساسەن ھۆكۈمەت مەمۇرى، ھەقىقىي سەئۇدىلىقلار ئىكەن. بىر كۈنى بىر سەئۇدىلىق بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا ئا ئۇيغۇر مەن ئۇيغۇر دىگەندىن كىيىن ئەرەپ تونىمىغان، مەن ئۇيغۇر تۈرۈك دىگە دىن كىيىن سەئۇدىلىق:

- سەن ھېلىقى يەجۈج مەجۈج قەۋمىدىنمۇ؟- دىگەن

ئەلۋەتتە، بۇنداق كۆڭۈلدىكى گەپنى ھىچ كىم سىزگە ئاسانلىقچە دەپ بەرمەيدۇ؟

سىز باشقا دۆلەتتىكى ئىنسانلارنىڭ تۈرۈك بولسۇن، ئۇيغۇر بولسۇن بۇنداق ماركا چاپلىۋالغانلىقىنىڭ مەنبەسى نەدە؟ نىمە؟؟

ئەلۋەتتە، بۇنداق ئەھۋال باشقا دۆلەتتە يۈز بەرگەن بولسا، سىزنىڭ مىللىي كىملىكىڭىز دەپسەندە قىلىنىپ قالغان ۋاقىتلاردا بىرشاپىلاق بىلەن ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنىڭ مىللى كىملىكىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويالايتتىڭىز!

ئەمما سەئۇدىدا ئۇنداق قىلىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس.

پۈتۈنلەي ئەركىن ئىرادىڭىز باشقىلارنىڭ كونتورول ئاستىغا تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بۇلۇپ، ياشاش شارائىتى سىزنىڭ تەبىئىتىڭىزدە بار بولغان ھەققانىيلىق ۋە ئادىللىقتىن ئىبارەت ئىككى ئەخگۈشتەرنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىگە تۈرتكە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن....

ئەمدى گەپنى مەن سەئۇدى ئەرەبىستاندا نىمە ئۈچۈن قارا ھجاپنى مەھكەم تاقاپ، راھەت ئىبادەت قىلالىدىم ؟ قىزىقىشىڭىز سېلىك.

مەن سەئۇدى ئەرەبىستاندا نىمە ئۈچۈن قارا ھجاپ كىيىپ راھەت ئىبادەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتىم ؟

سەئۇدى ئەرەبىستان ـ سەئۇدى ئەرەبىستان رىيالى ئىشلىتىدۇ. بۇ پۇلنى دوللارغا سۇندۇرغاندا تەخمىنەن 3.75 رىيال بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، 32 مىللىيون نوپۇسقا ئىگە بولغان بۇ دۆلەتتە، ئەرەپ تىلى ئىشلىتىدۇ. مەركىزى شەھرى بولسا رىياد، دۆلەتنىڭ ئىقسادى كىلىش ئانا مەنبەسى مول بولغان نىفت ۋە تەبىي گاز.

مەن سەئۇدى ئەرەبىستاندا سائەت قەلئەسىنىڭ ئاستىغا جايلاشقان بازانى كۆردۈم. جىددىدىكى بازارلارنىمۇ كۆردۈم. ساتىدىغان كىيىملەر ئىككى تۈرگە ئايرىلىدىكەن. بىرسى كورىيە گىرىپىدە تىكىلگەن ئۇزۇن قارا كىيىم. يەنە بىر سى بولسا ياپونىيە گىرىپىدە قىلىنغان قارا كىيىم. ھەقىقي سەئۇدلىق ئاياللار تەخمىنەن 1000 رىيالدىن ئاشىدىغان يىپەكتە تىكىلگەن ياپونىيە گىرىپىدە تىكىلگەن كىيىملەرنى ئېلىپ كىيىدىكەن.

ئەلۋەتتە كەبىنىڭ ئىچى پاكىزلىقتىن چاقناپ تۇردىغان بولغاچقا، سىز ھەركۈنى بىر پاكىز كىيىم كىيىشىڭىز زۆرۈرىيەت ئىدى. شۇنداق قىلىپ مەنمۇ بىر قانچە قارا ئۇزۇن كىيىم سېتىۋالدىم.

دوستۇمدىن قانداقنى ئېلىش توغۇرسىدا مەسلىھەت ئالغان ئىدىم، ئۇمۇ بىردەك «قارا رەڭنى ئال، ھەم ئىسلى كۆرستىدۇ» دېگەن مەسلىھەتنى بەرگەنمۇ بولدى.

قالغىنى ئۆزۈم ئىستانبۇلدىن ئېلىپ كەلگەن كىيىملەرنى كىيىپ ھەركۈنى ئالماشتۇرۇپ تۇردۇم. ھەركۈنى كىيىم ئالماشتۇرۇشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بولسا مەككە شەھرى قۇغاق ئىقلىمغا ئىگە بىر شەھەر بولۇپ، سىز كەبىنىڭ سىرتىغا چىقىپ 100 مېتىر ماڭمايلام ئۇزۇن كىيىملىرىڭىزگە ئانچە مۇنچە چاڭ قونۇپ قالاتتى.

شۇنداق قىلىپ، مەن سىرتتىن سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ئاياللارغا ئوخشاش كىيىنىپ، بىخەتەر ئىبادەتلىمنى باشلىۋالدىم. يەمەك ئىچمەكنى ماركىتتىن ئالدىم، ئەمما تېلفونغا كارتا نومۇرى ئېلىش ۋە ئالاقە باغلاشتا چالا ئېنگىلىز تىلىمنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى كارتا ساتىدىغان ئورۇنلار تۈركىيەگە ئوخشمايتتى، كەبىدىن 500مېتىر يىراقلىقتا، بىر قەغەز قۇتىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ، قارا نومۇرلارنى ساتىدىكەن، دۆلەتمۇ بۇنىڭغا يول قويىدىكەن. بۇ يەرگە كېلىپ تۇرىدىغان ھاجىلار تەخمىنەن 30 كۈن ئەتراپىدا تۇرغاچقا، كارتىنى ۋاقتلىق ئىشلىتىپ، تاشلىۋېتىدىكەن.

قارا نۇمۇرنى ساتقۇچى بېنگاللىق ئەر ئىدى، بۇ بېنگاللىق مۇسۇلمان بولسىمۇ، مەسلىنى ئىجتىمائىي ئاق يەنى ياۋا ئاق سەۋىيەدە ھەل قىلدىغانلىقى تۇرقىدىن چىقىپ تۇراتتى، شۇڭا ئاز گەپ قىلىپ، مەسلەمنى ھەل قىلۋالدىم.

سىز تائەت ئىبادەتىن چىققاندىن كېيىن تۆت ئەتراپقا تاكسىچىلار يېغىپلام كېتىدىكەن، ئۇلارنىڭ مەقستى پۇل تېپىش بولغاچقا، ئەرەپچە بىلسە بىلمىسە كىرا قىلامسەن دەپ ۋاقىراپمۇ قوياتتى.

ھاجىلار ئاساسەن كەبىگە يېقىن جايلارغا ئورۇنلۇشۇپتۇ، شۇڭا ئاساسەن تاكسى ئىشلەتمىدى.

شۇنداق قىلىپ مەن 85 پىرسەنت ئاقما نۇپۇسلار ۋە چەتئەللىكلەر بىرلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئىشلەپ جان باقىدىغان، ئىستانبولنىڭ قەھرىتان ئايلىرىدا، گىرادۇسى 38گىرادۇستىن ئاشىدىغان مەككە شەھرىدە ساپ ساغلام، ئاۋارچىلىقتىن خالاس ھالدا پەقەتلام كۆزۈم ئوچۇق، قالغان يېرىم تامامەن ئورالغان ھالەتتە، بىخەتەر ئىبادەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم.

ھەتتا بۇ كېيىملەرنى تۈركىيەگە كەلگەندىن سالغۇم كەلمىدى، تۈركىيەدە بىر مەزگىلگىچە، باشقا رەڭلىك كېيىملەرنى كېيىپ سىرتقا چىققۇم كەلمەيدىغان، پەقەت يەنىلام ئاشۇ كەبىنىڭ يۇپۇقىغا ئوخشايدىغان قارا رەڭلىك كىيمنى ئالماشتۇرغۇم كەلمەيدىغان پسخىكا ھالىتى شەكىلەندى. كېيىن بۇ كىيىملەرنىڭ تۈركىيەدە ئالاھىدە دىققەت تارتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئاپتۇبۇسلاردا، مېتروبۇسلاردا، ئامموۋى سورۇنلاردا...

ھەر كالىدا ھەر خىيال دېگەندەك، سىز ئىنسانلارنىڭ مېتا دولقۇنىدا پىكىر قىلىپ دولقۇن ھاسىل قىلۋاتقان بۇ كۆز قاراشلىرىغا جاۋاپ بىرىپ بولالمايسىز؟!

شۇ يەنىلام قارىغۇنىڭ شەھرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىسۇال دېگەندەك، مەن نورمال ئىنسانلار توپىغا قايتىپ كەلدىم. ھازىر ئۆزۈمنى تولىمۇ خۇشال ھېس قىلمەن.

ئالتۇن ياپراق، 4 ـ 2021 ـ ئاي، ئىستانبۇل




# سادامنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە خىتاينىڭ ئاللاقزادىلىكى

روبېرت فارلىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئىلدىزى
www.uyghurkitap.com

# سادامنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە خىتاينىڭ ئالاقزادىلىكى

رونېرت فارلېي

پارس قولتۇقى ئۇرۇشى ھاۋا ئارمىيەسى ئاجىز بولغان قوشۇننىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

1991 ـ يىلى، خىتاينىڭ ھەربىي ئوفىتسېرلىرى خىتاي ئارمىيەسىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ جەڭ تەجرىبىسى ۋە تېخنىكا ئەۋزەللىكىگە ئىگە ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئىراق ئارمىيەسىنى تارمار قىلغانلىقىغا شاھىت بولدى. ئامېرىكىلىقلار بۇ ئۇرۇشتا تارىختىكى ئۆلچەمگە كۆرە «تولىمۇ ئاز» دېيىشكە بولىدىغان ئۆلۈم ـ يېتىم بىلەن غەلىبە قىلدى.

بۇ بەزىلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. خىتاي ئارمىيەسى 1980 ـ يىللاردا كۆرەشچى ئايروپىلانلارنى ئىلغارلاشتۇرۇش جەھەتتە ئانچە ـ مۇنچە ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەربىي ساھەدىكى ئىسلاھات قەدىمى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ساھەلەردىكى ئىسلاھاتنىڭكىدەك تېز بولمىغانىدى. خىتاي ئارمىيەسىنىڭ 1979 ـ يىلىدىكى خىتاي ـ ۋېيتنام ئۇرۇشىدىكى ناچار ئىپادىسىنى، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشىنى نەزەردە تۇتقاندا، بەزى ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشى مۇقەررەر ئىدى.

دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشى بۇ ئۆزگىرىش ئۈچۈن كاتالىزاتورلۇق رولىنى ئوينىدى ۋە ئۇنىڭ يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى.

پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنىڭ خىتاي ئارمىيەسىگە نىسبەتەن نېمە ئۈچۈن مۇھىملىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بىز تەشكىللەش نەزەرىيەسى (Organizational theory) بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقىشىمىز كېرەك. ھەربىي قوشۇن سىناق، تەجرىبە، كۆچۈرۈش (ئۆزى بىلەن ئوخشاش خاراكتېردىكى تەشكىلاتلاردىن ئەۋزا قوبۇل قىلىش)، كۆزىتىپ ئۆگىنىش ۋە سىكانىرلاش قاتارلىق بىر قانچە خىل ئۇسۇلدا (جەڭ تاكتىكىسى ۋەھاكازالارنى) ئۆگىنىدۇ.

1979 ـ يىلى ۋېيتنامغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئاپەت خاراكتېرلىك ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەن خىتاي ئارمىيەسىنىڭ 1991 ـ يىلىدىكى زامانىۋى ئۇرۇش تەجرىبىلىرى يېتەرسىز ئىدى. ئۇنىڭدا زامانىۋى ئۇرۇش تەييارلىقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان چوڭ تىپتىكى مانېۋىرلارنى ئېلىپ بارغۇدەك ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ماغدۇرمۇ كەمچىل ئىدى. ھالبۇكى، چەتئەللەردىن سىرژانت ۋە

پولكوۋنىكلارنى (ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلەپ بېرىشكە) تەكلىپ قىلىش تولىمۇ قىيىن بولغاچقا، زامانىۋى ھەربىي تەشكىلاتلارنىڭ باشقا ئارمىيەلەردىن خادىم تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق ئۆزىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشى ئاساسەن ئىمكانسىز ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

بۇ خىل ئەھۋالدا، خىتاي ئارمىيەسى ئۈچۈن سىكانىرلاش ۋە كۆزىتىپ ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئىككى خىللا تاللاش قالغان. بۇ ئىككىلىسى مۇھىت (تەسۋىرى)تىن ۋە باشقا قوشۇنلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن ئىمكانقەدەر كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە ئالاقىدار.

1991 ـ يىلىدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشى ئىمىنىڭ كارغا كېلىدىغانلىقىنى (ئامېرىكا ئارمىيەسى) ۋە ئىمىنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى (ئىراق ئارمىيەسى) ئوچۇق كۆرسىتىپ بەردى. بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنىڭ خىتاي ئارمىيەسىگە بۇنچە چوڭ تەسىر كۆرسىتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

### ئەسلىھەلەر

ئەسلىھەلەر خىتاي ئارمىيەسى ئۈچۈن چوڭ بىر مەسىلە ئىدى.

1990 ـ يىلىغا كەلگەندە، خىتاي ئارمىيەسى تېخنىكا جەھەتتە ئىراق ئارمىيەسىنىڭكىدىنمۇ تۆۋەنرەك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

ئىراق ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ MiG ـ 25s، MiG ـ 23s ۋە MiG ـ 29s تىپلىق كۈرەشچى ئايروپىلانلىرى بار ئىدى، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ بولسا MiG ـ 19 قاتارلىق كونا تىپتىكى ئايروپىلانلىرى ۋە خىتاي ئۆزى MiG ـ 21 غا تەقلىد قىلىپ ياسىۋالغان ئايروپىلانلا بار ئىدى. شۇنىڭدەك، ئامېرىكانىڭ ھۇجۇمچى ئايروپىلانلىرىغا ھېچقانچە زىيان سالالمىغان ئىراق ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسى ئەڭ كەم دېگەندىمۇ شۇ چاغدا خىتاينىڭ قولىدا بار بولغان ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسىدىن قېلىشمايتتى.

خىتاي يەنە پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا ئىراننىڭ قولىغا چۈشكەن ئىراق تانكىلىرىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ئارمىيەسىگە ھېچقانداق خىرىس ئەكېلەلمىگەن T ـ 72 تىپلىق ئىراق تانكىلىرىنىڭ خىتاينىڭ تانكىلىرىدىن خېلىلا ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

گەرچە پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا ئېغىر دەرىجىدىكى دېڭىز ئۇرۇشى يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى ساھەسىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى قىياس قىلىش تەس ئەمەس ئىدى.

تارىختا سوۋېت بىلەن مەقدار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ئىزچىل ئېگىز ـ پەس بولۇپ تۇردى. خىتاينىڭ ئىچكى ئۇرۇشى ۋە چاۋشيەندىكى ئۇرۇشتا، خىتاي ئارمىيەسى سان ۋە تاكتىكىلىق ئۇنۇم

www.uyghurkitap.com

جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخنىكا جەھەتتە ئۆزىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغان رەقىبلىرىنى مەغلۇپ قىلغان (ھېچ بولمىسا ئۇلار بىلەن تەڭلەشكەن) ئىدى.

ۋېيتنامدا، يېقىنلىشىشقا قارشى تۇرۇش (anti ـ access) تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى ئامېرىكانىڭ ھاۋا ھۆجۇمىنى زەئىپلەشتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. تارىختا، ختاي ئارمىيەسى ئۆزىنىڭ سان جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بىرەرسى بىلەن بولغان تىركىشىشتە كارغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى، ئەمما ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى بىرلەشمە ئارمىيە ئىراق ئارمىيەسىنى ئۆتكۈر پىچاقتا سېرىق ماي كەسكەندەك، ھەش ـ پەش دېگۈچە تىرىپىرەن قىلىۋەتتى.

ئىراقنىڭ قىسمىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، (سۈپەت بىلەن مىقدار ئوتتۇرىسىدىكى) بۇ خىل تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ، تېخنىكىنىڭ ۋەزنى ــــ كەم دېگەندە ئادەتتىكى ئۇرۇشلاردا ــــ بەكلا ئېشىپ كەتكەنىدى.

پارس قولتۇقى ئۇرۇشى توغرىسىدىكى بۇ خىل چۈشەنچە ختاي ئارمىيەسىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. بولۇپمۇ ختاي ھاۋا ۋە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي تېخنىكىلىرىنى يېڭىلاش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئىلغار قاتتىق دېتاللىرىنى سېتىۋېلىشنى ئاساس قىلغان جىددىي تەدبىرلەرنى قوللاندى.

رۇسىيە نەق پۇلغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغاچقا، ختاي بىلەن بۇ ھەقتە سودا قىلىشنى تولىمۇ خالايتتى، شۇنداقلا ئۇلار بۇ خىل تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىشنىڭ ئۆزىنى مۇددەتلىك ئاقىۋەتتىن بەك ئەنسىرەپمۇ كەتمىگەنىدى.

ختاي يەنە ياۋروپادىن ھەربىي ساھەدە ئىشلىتىلىدىغان تېخنىكىلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. ئەمما، تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى قىرغىنچىلىقتا قارىتىلغان جازا تەدبىرلىرى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرى ئىشقا ئاشمىدى. ئاخىرىدا، ختاي ئۆزىنىڭ ھەربىي سانائەت بازىسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات سالمىقىنى كۈچەيتتى.

**تەلىمات**

تېخنىكىدىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن بىللە، ئۇرۇش تەلىماتى ۋە ئۇرۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مۆلچەرلەرمۇ ئۆزگەردى. ختاي ئۆزىنىڭ ھاۋا ئارمىيەسىگە قورۇقلۇق ئارمىيەسىدىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى، بولۇپمۇ ئۆزىنى مۇساپىلىق ئۆلچەملىك زەربە بېرىش ئىقتىدارى (باشقۇرۇلىدىغان بومبا) توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى.

تارىختا، خىتاي ئارمىيەسى ئىچكى ئۇرۇشتا پارتىزانلىق ئۇرۇش تاكتىكىسى ئىشلەتكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەزەلدىن دۈشمەن ئۇرۇش سېپىنىڭ ئارقىسىغا مۇھىم، مەشغۇلات خاراكتېرلىك زەربە بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ باقمىغان.

دەرۋەقە، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ھەتتا برونېۋىك ئارقىلىق دۈشمەن ئارقا سېپىنى ۋە قوماندانلىق شتابىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان ئەنئەنىۋى، چوڭقۇرلاپ ھەرىكەتچان جەڭ قىلىش تەجرىبىسىمۇ كەمچىل ئىدى.

گەرچە پارس قولتۇقى ئۇرۇشى (دۈشمەن ئارقا سېپىگە) چوڭقۇرلاپ ھۇجۇم قىلىشنىڭ زامانىۋى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇنىسى شەكسىزكى، بۇ ئۇرۇش يىراق مۇساپىلىق ئۆلچەملىك زەربە بېرىشنىڭ دۈشمەننىڭ ھەرىكىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلالايدىغانلىقىنى، ھەتتا جەڭگاھتىكى دۈشمەن كۈچلىرىنىمۇ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، خىتاي ئارمىيەسى دەرھال بۇ ساھەدىكى ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە تۇتۇندى.

خىتاينىڭ دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيەلىرىنىڭ خىتاي قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىگە سېلىشتۇرغاندىكى مۇھىملىق دەرىجىسى ئەسلىدىكىدىن ئاشتى. ئەلۋەتتە، بۇ تېخنىكىغا بولغان يېڭى تونۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغىنىدەك، سوۋېت ئىتتىپاقى تەھدىتىنىڭ يوقىلىشى ۋە چاۋشيەننىڭ ئەھمىيىتىنىڭ تۆۋەنلىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، خىتاينىڭ دېڭىز ئارمىيەسى ۋە ھاۋا ئارمىيەسى ئۆزلىرىنى ئۇزۇن مۇساپىلىق زەربە بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان سۇپىلارنى بەرپا قىلىشقا زېھنىنى مەركەزلەشتۈردى. بۇ ئىككى ئارمىيە يەنە ئاز ساندىكى يۇقىرى تېخنىكىلىق سىستېمىلارغىمۇ يۈزلەندى.

ئۆز نۆۋىتىدە، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئىككىنچى زەمبىرەكچىلەر قىسمى دىققىتىنى يادرو قورالى ئارقىلىق چۆچۈتۈشتىن باللىستىك ۋە چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئارقىلىق يىراق مۇساپىلىق ئۆلچەملىك زەربە بېرىشكە ئاغدۇردى.

خىتاي دېڭىز ئارمىيەسى، خىتاي ھاۋا ئارمىيەسى ۋە ئىككىنچى زەمبىرەكچىلەر قىسمى ھەربىي سىستېمىلارنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە بولغان زامانىۋى تونۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بىرلەشمە ئۇرۇش قىلىشنى تەكىتلەپ، ھەربىي كۈچلەرنى ئۇنۇملۇك ۋە ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى ياردىغان قوماندانلىق، كونترول ۋە ئالاقە پروگراممىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. لېكىن، ئەمەلىي ئۇرۇش تەجرىبىسى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ خىل پىلانلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە باھا بېرىش قىيىن.

www.uyghurkitap.com

**خۇلاسە:**

خىتاي پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنىڭ تەسىرىنى ئاشۇرۇپ مۆلچەرلىۋالدىمۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ھەم «شۇنداق»، ھەم «ياق». پارس قولتۇقى ئۇرۇشى توغرىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلارغا نەزەر تاشلىغاندا، شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «زىلزىلە ۋە ئەيمىنىش»نىڭ تەسىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، (ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى) بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ ئەنئەنىۋى ھەربىي ئەۋزەللىكى بۈگۈنگىچە داۋاملاشماقتا.

(پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا) ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە قىسىملىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك تېخنىكىلىق ئەۋزەللىكى بار ئىدى، ئەمما ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىراق قوشۇنلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى مەشقلەندۈرۈلگەن ئىدى. ھاۋا ئۇرۇشى بىرلەشمە قوشۇننىڭ غەلبىسىگە سەھنە ھازىرلاپ بەردى، ئەمما بىرلەشمە قوشۇن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن يەنىلا ئەنئەنىۋى قۇرۇقلۇق ئۇرۇشىدا مۇنەۋۋەر بولمىسا بولمايتتى.

شۇنداقتىمۇ، پارس قولتۇقى ئۇرۇشى خىتاينىڭ ھەربىي ۋە پۇقراۋى ساھەلىرىدىكى قارار چىقارغۇچىلارنى زامانىۋى ئۇرۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى. ھەققىدە تەييار ئۆرنەك بىلەن، شۇنداقلا كەلگۈسىدە قانداق ئۇرۇش قىلىش (ۋە قانداق ئۇرۇش قىلماسلىق) توغرىسىدىكى بەزى ساۋاقلار بىلەن تەمىنلىدى.

خىتاي ئارمىيەسى 1991 ـ يىلىدىكىگە قارىغاندا تولىمۇ پىشىپ يېتىلگەن تەشكىلاتقا ئايلاندى، شۇنداقلا ئەينى چاغدىكىگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئىقتىدارى بەكلا كۈچىيىپ كەتتى. ئەمما، بىز بارلىق پارچىلارنىڭ ھەقىقىي جەڭدە قانداق تەڭ قوللىنىلىدىغانلىقىنى تېخىچە كۆرۈپ باقمىدۇق.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://medium.com/war-is-boring/china-panicked-when-america-smashed-saddams-army-e0490118c365



# ھەدىس ھەققىدە بايانلار

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

www.uyghurkitap.com

# ھەدىس ھەققىدە بايانلار

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ھەدىس شەرىپلەر رەسمىي خاتىرىلىنىپ بىزگە يېتىپ كەلگىچە بىر نەچچە مۇھىم تارىخىي باسقۇچلارنى ئۆزئىچىگە ئالغان بولۇپ، تۇنجى باسقۇچتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ زاماندىشلىرى بولغان ساھابىلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك قاتتىق تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان ۋە ئەسىرلەردىن بېرى شۇ جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، مەدەنىيىتى، مىللىي پىسخىكىسى ۋە قىممەت قاراشلىرىغا ئىزچىل چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. ئالدىنقىساندا ھەدىسلەرنىڭ ساھابىلەردەۋرىدىكى يادلىنىش ۋە خاتىرىلىنىش ئەھۋاللىرى قىسقىچە بايان قىلىندى. ئۇنداقتا ھەدىس شەرىپلەر ساھابىلەردەۋرىدە قانداق روناق تاپقان ۋە گۈللەپ ياشنىغان؟ ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار ھەدىس شەرىپلەرنى خاتىرىلەش ۋەقوغداش يولىدا قانداق پىداكارلىقلارنى كۆرسەتكەن؟ ئۇلار ھەدىس شەرىپلەرنى قوبۇل قىلىشتا ۋە كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈشتە قانچىلىك ئەستايىدىل ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق كۆرسەتكەن؟ شۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ ھەدىسلەرنى ئۆگىنىشتىكى قىزغىنلىقى قانچىلىك بولغان؟ بۇ سوئاللارغا تۆۋەندىكى مەزمۇنلاردىن بىر قەدەر تەپسىلىي ۋە قايىل قىلارلىق جاۋاپ تاپالايمىز.

1 . ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار دەۋرىدە ھەدىس شەرىپنىڭ روناق تېپىشى ۋە گۈللىنىشى:

مىلادى 632 - يىلى 8 - ئىيۇن دۈشەنبە ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ساھابىلەرگە كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش، خەلق ئارىسىدا شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىش، دىنىي پەتىۋا ۋە ھۆكۈملەرنى چىقىرىشتىن ئىبارەت ئېغىر مەسئۇلىيەت يۈكلەندى. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭغان يولىغا ۋارىسلىق قىلىپ يۈكلەنگەن ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى ھەمىشە يادىدا تۇتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى يۈكسەك ئامانەت سۈپىتىدە قاراپ، مۆمىن - مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا يەتكۈزۈشنى ھەممىدىن ئەلا بىلدى. ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ:«سىلەردىن نەخ مەيدانغا ھازىر بولغانلار ھازىر بولمىغانلارغا يەتكۈزسۇن» دېگەن تەۋسىيىسى ۋە يوليورۇقىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىنى گۈللەندۈرۈشكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلدى. ساھابىلەر ھەدىسلەرنى يادلاپ ئېسىدە تۇتۇۋېلىشقا ۋە ھەدىسلەرنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشكە تولىمۇ ھېرىسمەن ئىدى. ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ:«مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ئېسىدە قالدۇرۇپ،ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزگەن ئادەمنى

ئاللاھ شادلاندۇرغاي» دېگەن سۆزىدىن ئىلھامبەخش بېشارەتلەرگە ئېرىشكەن ئىدى. شۇنىڭدەك ھەزرىتى ئابدۇللا ئىبنى ئابباستىن يەتكۈزۈلگەن ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبىرىمىز «ئى ئاللاھ مېنىڭ خەلىپىلىرىمگە رەھمەت قىلغىن!» دېگىنىدە بىز «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، سىلىنىڭ خەلىپىلىرى كىم؟» دەپ سورىساق، ئۇ «مېنىڭ خەلىپىلىرىم مېنىڭ ھەدىسلىرىمنى رىۋايەت قىلىدىغان ۋە باشقا كىشىلەرگە ئۆگىتىدىغان ئادەملەردۇر» دېدى. بۇ ھەدىسمۇ ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنى كېيىنكىلەرگە ئىزچىل يەتكۈزۈشىگە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولۇشى بىلەن ۋەھيي ئۈزۈلگەندىن كېيىن، قۇرئاندىن قالسىلا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مۇھىم ئاساسى بولغان ھەدىس شەرىپنى كىشىلەر ئارىسىدا تارقىتىشنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتىنى ساھابىلەر تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا سۆھبىتىنى تېپىپ، قۇرئان روھى بويىچە ئەتراپلىق ۋە پۇختا تەربىيىلەنگەنلىكتىن، ئىسلام دىنىغا بولغان چۈشەنچىسى مۇكەممەل بولۇپ، ئىلىم ئەھلى، پەزىلەت ئەھلى ۋە تەقۋادارلاردىن بولۇپ يېتىشكەن. پەيغەمبىرىمىز ئۇلار ھەققىدە :«مېنىڭ ساھابىلىرىمنى يامان كۆرمەڭلار! جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئاللاھ يولىدا ئوھۇد تېغىدەك ئالتۇن سەرپ قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ سەرپ قىلغان بىر مۇد (18 لېتىرغا تەڭ ئۆلچەم بىرلىكى) قا ۋە ئۇنىڭ يېرىمىغا تەڭ بولالمايدۇ» دېگەن. پەيغەمبىرىمىز يەنە :«سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار مېنىڭ زامانىمدا ياشىغانلار(يەنى ساھابىلەر دەۋرى)، ئاندىن كېيىن شۇلاردىن كېيىنكىلەر (يەنى تابىئىنلار دەۋرى)، ئاندىن كېيىن ئۇلاردىن كېيىنكىلەردۇر(يەنى تەبى تابىئىنلار دەۋرى)» دېگەن. يۇقىرىقىلاردىن بىز ساھابىلەرنىڭ مەرتىۋە ـ دەرىجىلىرىنىڭ كاتتىلىقىنى، ھەدىس رىۋايەت قىلىش ۋە كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈشتە مۇتلەق ئىشەنچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ساھابىلەر شەرىئەتنى ئىسلام ئۈممىتىگە يەتكۈزگۈچى بولغانلىقلىرى ئۈچۈن تارىختىن بۇيانقى ئالىم ـ ئۆلىمالار گۇرۇھى ئۇلارنى «ھەققانىيەتچى» دەپ تونۇغان. ساھابىلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى، تۇتقان يولى ۋە مەسلەكى ئۇلارنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارنىڭ قۇرئان بىلەن ھەدىسنى پۈتۈن ئۈممەتكە يەتكۈزگەنلىكىگە، ئىسلام دىنىنى جاھانغا تاراتقانلىقىغا تارىخ گۇۋاھ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرىنىڭ سانى 114 مىڭ نەپەر ئەتراپىدا بولغان. بۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ رىۋايەت قىلغان ۋە كېيىنكىلەرگە يەتكۈزگەن ھەدىسلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان بولسا، بەزىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ھال، يەنە بەزىلىرىنىڭ بەك ئاز بولغان. ھەتتا ئۇلار ئىچىدە ھېچبىر ھەدىس رىۋايەت قىلمىغانلىرىمۇ بولغان. ساھابىلەر ئارىسىدا ھەدىسنى ئەڭ كۆپ رىۋايەت قىلغانلار تەرتىپ بويىچە ئەبۇ ھۇرەيرە 5374 ھەدىس، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر 2631 ھەدىس، ئەنەس ئىبنى مالىك 2286 ھەدىس، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە 2210 ھەدىس، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس1660 ھەدىس، جابىر ئىبنى ئابدۇللا 1540 ھەدىس، ئەبۇ سەئىد خۇدرى 1171 ھەدىسنى پەيغەمبىرىمىزدىن بىۋاستە تەلىم ئېلىپ كېيىنكىلەرگە يەتكۈزگەن ۋە رىۋايەت قىلىپ قالدۇرغان. دەرىجىگە ئايرىغاندا بۇلار بىرىنچى دەرىجىدە تۇرىدۇ. ھەدىس رىۋايەت قىلىشنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىدە ئىككىنچى دەرىجىدە تۇرىدىغانلار تەرتىپ بويىچە تۆت خەلىپە، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمە، بەرا ئىبنى ئازىب، ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن، ئابدۇللا بىنى ئەمىر ئىبنى ئاس، مۇغىرە ئىبنى شۆئبە، سەئىد ئىبنى ئەبۇۋەققاس، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى، ئەبۇ زەر غىفارى، جابىر ئىبنى سەمۇرە، ئەبۇ قەتادە، سەمۇرە ئىبنى جۇندۇبلار بولغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغىنى تەخمىنەن مىڭچە ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۈچىنچى دەرىجىدە تۇرىدىغانلار : سەئىد ئىبنى

www.uyghurkitap.com

زەيد ئىبنى ئەمىر، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ ھەبىبە، ئۇقەيل ئىبنى ئەبۇتالىب ( ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىنىسى، ئەبۇ تالىبنىڭ ئەڭ ئامراق ئوغلى بولۇپ، ئەبۇ تالىب باللىرى جىق، قولى قىسقابولغاچقا، مۇشۇ ئوغلىدىن باشقا بارلىق باللىرىنى باشقا قېرىنداشلىرى ۋاكالىتەن بېقىپ چوڭ قىلغان. شۇۋقاتاردا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئەلىنى بېقىپ چوڭ قىلغان) قاتارلىقلار بولغان. ساھابىلەردىن كېيىن ھەدىس بىلەن ئىزچىل شۇغۇللانغان ۋە ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغانلار تابىئىنلار (ساھابىلەرنىڭ سۆھبىتىدە بولغان كىشى. تەپسىلاتى ئۈچۈن تۆنجى سانغا قارالسۇن) بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭكۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىرى تەرتىپ بويىچە: سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇبەكرى سىددىق، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، خارىجە ئىبنى زەيد، ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، ئۇبەيدۇللا ئىبنى ئابدۇللا، سۇلايمان ئىبنى يەسار، سالىم ئىبنى ئابدۇللا، ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئابدۇراھمان، ئەلقەمە، مەسرۇق، كەئبۇل ئەھبار، شۇرەيھ، مۇتەررەف، ھەسەن بەسرى، ئىبراھىم نەخەئى، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىبنى سىرىن، شەئبىي، تاۋۇس ئىبنى كەيسان، ئەتا ئىبنى يەسار، نافىئ، مۇجاھىد، ئىكرىمە، مەكھۇل، ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ، ھەفسە بىنتى سىرىن، ئەمرە بىنتى ئابدۇراھمان، زەينەب بىنتى كەئب، ئائىشە بىنتى سەئىد ئىبنى ئەبۇۋەققاس، مۇھەممەد بىنى شىھاب زۆھرى، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، قەتادە، ھەشام، ئىبنى ئىسھاق، لەيسئىبنى سەئىد، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك قاتارلىقلار ئىدى. ساھابىلەر ئىچىدە ھەدىس رىۋايەت قىلغاندىن باشقا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلىش يۈزىسىدىن پەتىۋا بەرگەنلەر ئەر ـ ئايال بولۇپ 130 نەپەردىن كۆپ بولغان. كۆپ تەرەپلىمە ھەر خىل يامان ئېھتىماللىقلارغا قارشى ھەزرىتى ئۆمەر دەۋرىدە ( 644 ـ 634 ـ يىللار ) بارلىق ساھابىلەرنىڭ پايتەخت مەدىنىدىن باشقا جايلاردا يەرلىشىپ قېلىشى چەكلەنگەن ئىدى. بۇ ئەھۋال ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگىچە داۋاملاشتى. ئاندىن كېيىن ساھابىلەرنىڭ ئىسلام دىنى تارقالغان ئەڭ چەت جايلارغىچە بېرىشى ۋە يەرلىشىپ قېلىشىغا ئىزنى ( ئىجازەت) بېرىلدى. نەتىجىدە ئۇلار جاھاننىڭ تۆت تەرىپىگە قاراپ ئۇستاز، ھاكىم، قازى، قارى سۈپىتىدە ئاتلاندى. چۈنكى يېڭىدىن فەتھى قىلىنغان جايلاردىكى ئاۋام ـ خەلق ئىسلام دىنىنى پەيغەمبىرىنىڭ ھەمسۆھبەتداشلىرى بولغان ساھابىلەردىن بىۋاستە چۈشىنىشكە ۋە ئۆگىنىشكە تولىمۇ تەشنا ئىدى. ساھابىلەر بۇجايلارغا قەدەم باسقاندىن كېيىن ھەر بىر يۇرتنىڭ ئاھالىسى ئۆز يۇرتىغا كەلگەن ساھابىلەردىن ھەدىس شەرىپ ئۆگىنەتتى. ئۇچرىغان مەسىلىلەر ھەققىدە پەتىۋا سورايتتى. بۇ يۇرتلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، ئەنئەنە ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى، ئاھالىسىنىڭ خۇي ـ پەيلى ۋە بىلىم سەۋىيىسى خېلىلا پەرقلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساھابىلەرنىڭمۇ بىلىم جەھەتتە، بولۇپمۇ ھەدىسلەرنى بىلىش ۋە چۈشىنىش جەھەتتە، قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئاساسەن تۇرلۇك مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە سەۋىيىسى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. ھەر قايسى جايلارغا ئۇنچىدەك چېچىلىپ كەتكەن ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا يول يىراق، تۇرلۇك قاتناش قىيىن، ئۆز ئارا ئالاقىلىشىش قولايسىز بولغانلىقتىن، كەڭ دائىرىدە دەل ۋاقتىدا ئالاقىلىشىپ تورۇشى بەسىي مۇشكۇل ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي يەرلىك ئاھالە بىلەن شۇ يەرگە كەلگەن ساھابىنىڭ ئارىسىدىكى ئىلمىي ئالاقە يەنىلا قويۇق بولۇپ، پەتىۋا بېرىشكە يول ئېچىلغان. بۇ جەرياندا ساھابىلەر تەرىپىدىن تۇرلۇك ماۋزۇلاردا ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان، ئالاقىدار پەتىۋالار بېرىلگەنىدى. مۇشۇ ساھابىلەرنىڭ ئىزچىل يېتەكلىشى ۋە پۇختا تەربىيىلىشى ئاساسىدا تابىئىنلاردىنبىر ئەۋلاد مۇنەۋۋەر ئۆلىمالار يېتىشىپ چىقتى. مەسىلەن، مەككىدە ئابدۇللاھ ئىبنى

ئاباسنىڭ پەتىۋالىرى مەيدانغا چىقتى. ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ھەر جەھەتتىن ئۆلچەملىك يېتىشتۇرۇشى ئاستىدا تابىئىنلاردىن مۇجاھىد ئىبنى جۇبەير، ئەتە ئىبنى ئەبۇ ربالار يېتىشىپ چىقتى. مەدىنىدە بولسا ساھابىلەردىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ، تابىئىنلاردىن سەئىد ئىنى مۇسەييەب ۋە ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرلەرنىڭ پەتىۋالىرى مەيدانغا چىقتى. كۇفەدە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ، كېيىنچە ئەلقەمە، ئەسئەد ئىبنى يەزىد ۋە مەسرۇقلارنىڭ پەتىۋالىرى مەيدانغا چىقتى. بەسرەدە مەشھۇر ساھابىلەردىن ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى، ئەنەس ئىبنى مالىك، تابىئىنلاردىن ھەسەن بەسرى، ئىبنى سىرىن قاتارلىقلارنىڭ پەتىۋالىرى مەيدانغا چىقتى. شام ( ھازىرقى سۇرىيە، لىۋان، پەلەستىن ۋە ئىئوردانىيە تەۋەسىنىڭئومۇمىي نامى) دىيارلىرىدا ساھابىلەردىن مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئۇبادە ئىبنى سامىت، تابىئىنلاردىن مەكھۇل دىمەشقى ۋە بەشىنچى ئادىل خەلىپە دەپ شۆھرەت تاپقان ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزلەرنىڭ پەتىۋالىرى مەيدانغاچىقتى. مىسىردا بولسا ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاسنىڭ پەتىۋالىرى مەيدانغا چىقتى. دېمەك ساھابىلەر يۇرت - يۇرتلاردا ھەدىس ئىلمىنى تارقىتىش بىلەن بىللە نۇرغۇن پەتىۋالارنى مەيدانغا چىقىرىپ،شەرىئەت ئىلمىنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەن.

2 . ساھابىلەرنىڭ ۋە تابىئىنلارنىڭ ھەدىس تەھسىل قىلىشتىكى پىداكارلارچە ئىزدىنىشلىرى:

ئىسلام تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ئىسلام ئالىملىرى، بولۇپمۇ ھەدىس ئالىملىرى ئىلىم تەلەپ قىلىشىولىدا بىز تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئېغىر جاپا - مۇشەققەت ۋە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۆز يۇرتىدىلا ئىلىمتەھسىل قىلىپ قالماستىن بەلكى، سىرتلارغا يۈزلىنىپ تېخىمۇ مۇشەققەتلىك ۋە خەتەرلىك ئىلمىي سەپەرلەرنىبېشىدىن ئۆتكۈزگەن. بۇ يوسۇندا ئومۇميۈزلۈك ئىلىم ئۆگىنىش دولقۇنى ساھابىلەردىن باشلانغان. ئۇلار بىرەرھەدىسنى پەيغەمبىرىمىزدىن بىۋاستە ئاڭلىغان ئادەمدىن ئۆگىنىش ئۈچۈن، بىرەر ھەدىسنى ئېنىقلاش ۋەتەھقىقلەش، توغرا ۋە ئىشەنچلىكلىكىنى جەزملەشتۈرۈش ئۈچۈنلا پىيادە ۋە ئاتلىق ئۇزۇن سەپەرلەرگە چىقىپ، ساناقسىز قۇملۇق، چۆل - باياۋانلارنى كېسىپ ئۆتۈپ باشقا يۇرتلارغا بارغان. بۇ جەرياندا يىللارچە ۋاقتىنى شۇ بىرەر ھەدىس ئۈچۈن سەرپ قىلغان. ساھابە جابىر ئىبنى ئابدۇللا پەيغەمبىرىمىزدىن ئۆزى بىۋاستە ئاڭلىمىغان بىر ھەدىسنى سوراپ بىلىۋېلىش ئۈچۈن شامغا سەپەر قىلىپ، بىر ئايلىق ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئابدۇللا ئىبنى ئۇنەيسنىڭ يېنىغا بارغان. ئۇ يەنەبىر ھەدىس ئۈچۈن مىسىرغا مەسلەمەنىڭ يېنىغا بېرىپ شۇ ھەدىسنى بىلىۋېلىپلا ئاراممۇ ئالماي قايتىپ كەتكەن. كاتتا ساھابە ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى مىسىرغا ئۇقبە ئىبنى ئامىرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندىلا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: « سەن ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا سۆزلەپ بەرگەن، ھازىر سەندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان پالانى ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگىن.» ئۇقبە ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى يۈك - تاقىسىنى چۈشۈرۈپ ئارام ئالماستىن يەنە تۆگىسىگە مىنىپلا يىراقتىكى مەدىنىگە قايتىپ كەتكەن. ساھابىلەردىن يەنە بىر كىشى مىسىرغا فۇزالە ئىبنى ئۇبەيدنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا :« مەن سېنى يوقلاپ كەلگىنىم يوق. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر ھەدىسنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇ چاغدا نەخ مەيداندا سەنمۇ بار ئىدىڭ. سېنى شۇ ھەدىسنى بىلەمدىكىن دەپ سورىغىلى كەلدىم» دېگەن. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد: «ئەگەر مەن بىرەر ئادەمنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىنى مەندىن ئوبدانراق بىلىدىغانلىقىنى بىلسەم ئىدىم، تۆگەم بارالايدىغانلىكى يەربولسا، مەن شۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىلىم

ئۆگەنگەن بولاتتىم» دېگەن. يەنە بىر كاتتا ساھابە ئەبۇ دەردا :« ئاللاھنىڭ كىتابىدا بىرەر ئايەتنى چۈشىنىش ماڭا قىيىن تۇيۇلۇپ، ئۇنى پەقەت بەرىكە غىمات ( ئەينى ۋاقىتتىكى مەككىدىن بەش كۈنلۈك يىراقلىقتا جايلاشقان دېڭىزغا يېقىن بىر جاينىڭ ئىسمى) تىكى بىر ئادەم يېشىپ بېرەلەيدۇ دېيىلسە، مەن ئۇنىڭ يېنىغا سەپەر قىلىپ بارغان بولاتتىم » دېگەن. يۇقىرىقى بايانلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ساھابىلەر ئىچىدە ئۆزى ئاڭلىمىغان بىرەر ھەدىسنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۆز يۇرتىدا ئۇنى بىلىدىغان ئادەم بولمىسا، بىرەر ئايلىق مۇساپە كېلىدىغان يىراق جايلارغا سەپەر قىلىپ بولسىمۇ ئۇ ھەدىسنى ئۆگىنىۋالاتتى ياكى تولۇق ئېنىقلىۋالاتتى. ھەدىس ئۆگىنىشتىكى بۇنداقپىداكارلارچە روھ يالغۇز ساھابىلەردىلا بولۇپ قالماستىن بەلكى، ئۇلارنىڭ ئىز باسارلىرى بولغان تابىئىنلارئارىسىدىمۇ داۋاملاشقان ۋە راۋاجلانغان. ساھابىلەر ھەزرىتى ئوسماننىڭ كېيىنكى دەۋرىدە مەدىنىدىن چىقىپ جاي - جايلارغا تاراپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى شۇ يەرلەردىن ئىزدەپ تېپىپ ھەدىس ئۆگىنىش ئىشلىرى كەڭدائىرىدە قانات يايغان ۋە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان. تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىدىن بولغان سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ھەمىشە :«بىر ھەدىس ئۈچۈن تالاي كۈنلۈك يولنى بېسىشتىن ئېرىنمەيمەن» دەيتتى. ھەسەن بەسرىدەك كاتتا ئالىم بىر مەسىلىنى ئېنىقلىۋېلىش ئۈچۈن بەسرەدىن كۇفەگە بارغان. ئەبۇ قۇلابە مۇنداق دېگەن :«مەدىنىدە بىرھەدىسنى ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنى رىۋايەت قىلغان كىشىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ساقلاپ ئۈچ كۈن تۇردۇم.» ئەبۇل ئالىيە رىباھى مۇنداق دەيدۇ :« بىز ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى يىراق بەسرە شەھرىدە تۇرۇپ ئۆگىنەتتۇق. بىراق بىز بۇ ھەدىسلەرنى ساھابىلەرنىڭ ئۆز ئاغزىدىن بىۋاستە ئاڭلاش ئۈچۈن مەدىنىگە يېتىپ كەلمىگۈچە زادىلا قانائەت ھاسىل قىلمايتتۇق». تابىئىنلارنىڭ پېشۋاسى ئامىر ئابدۇللاھ ئۆز ھەمراھلىرى ئىچىدە ئىلىم ئۆگىنىشتە مەسرۇقتىنمۇ تىرىشچان ئادەم يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئامىر شەئبىي ساھابىلەر ئىچىدىن بىرەرسى ئۇچراپ قالسا سوراپ بىلىۋالارمەن دەپ ئۈچ ھەدىس توغرىسىدا مەككىگە بارغان. بۇنىڭدىن چوڭ تابىئىنلاردىن ھەدىس ئۆگەنگەن كىچىك تابىئىنلارنىڭ بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، بۇ ھەدىسلەرنى ساھابىلەردىن بىۋاستە ئاڭلاش ئۈچۈن ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ساھابىلەر ياشاۋاتقان جايلارغا ئۈزلۈكسىز سەپەر قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەدىس تەھسىل قىلىش ۋە ئېنىقلاش ئۈچۈن يۇرت كەزگەنلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىقتىسادىي شارائىتلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى. بەزىلىرى پىيادە سەپەرگە چىقسا، بەزىلىرى ئات - ئۇلاغلىق سەپەرگە ئاتلىناتتى. ئۇلارنىڭئىچىدە بەزىلەرنىڭ يېشى نىسبەتەن كىچىك بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە ھەتتا 20 ـ 15 ياشلىق ياشلارمۇ بار ئىدى. ساھابىلەر ۋە تابىئىنلاردىن كېيىنكىلەرمۇ جاي - جايلارغا سەپەر قىلىپ ھەدىس تەھسىل قىلىشقا ئۈزلۈكسىز يۈزلەنگەن. ھەدىس ئۈچۈن سەپەر قىلىش ئەھلى ھەدىسنىڭ بىر خىل ئىلمىي ئەخلاقى بولۇپ قالغان. يەھيا ئىبنى مەئىن سىرتقا سەپەر قىلماي ئۆز يۇرتىدىلا ھەدىس ئۆگەنگەن بىر ئادەمگە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. ئۇنى توغرا يول تاپالمايدىغان تۇت خىل كىشىنىڭ بىر خىلى دەپ ھېسابلىغان. ھەزرىتى ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ھەدىس ئۆگەنگۈچىنىڭ بىر جۈپ تۆمۈر كەش كىيىشىنى تەۋسىيە قىلغان. تابىئىنلار دەۋرىدە ھەدىس ئۆگەنگۈچىلەرنى سەپەر قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئامىل شۇكى، ئۇلار ھەدىس ئىسنادىنىڭ «ئالىي» دەرىجىدە بولۇشىنى قوغلاشقان (يەنى ھەدىسلەر خاتىرىلىنىشكە باشلىغان ئالتۇن دەۋرگىچە ھەدىس رىۋايەت قىلغان ۋاستىچىلەر قانچە ئاز بولسا ھەدىس شۇنچە ئىشەنچلىك بولىدۇ دەپ قارىغان. شۇڭلاشقا ئىمام بۇخارى تاللىغان ھەدىسلەر ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزدىن تاكى ئىمامنىڭ دەۋرىگىچە بولغان ئىككى يېرىم

ئەسىر جەريانىدا ئۆتكەن ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئۈچ ئەۋلادتىن تاكى توققۇز ئەۋلادقىچە بولغانلىرى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن تاللانغان). تابىئىنلار ھەدىسنى ئۆزىگە ئوخشاش تابىئىنلاردىن ئۆگىنىشتىن بەكرەك بىۋاستە ساھابىلەردىن ئۆگىنىشنى ئەۋزەل كۆرگەن. شۇڭا ئۇلار ئىككىنچى ئەۋلاد ئىزباسارلار بولغان تابىئىنلارنى تاشلاپ، يىراقتىكى بىرىنچى ئەۋلاد ئىزباسارلار بولغان ساھابىلەرنى ئىزدەپ ئۈزلۈكسىز سەپەر قىلغان. ئۇلارنىڭ دەۋرىدە ساختا ھەدىسلەر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن ھەدىسنىڭ مەنبەسى ۋە ھەدىس رىۋايەتقىلغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش، باھالاش، ئېنىقلاش، جەزملەشتۈرۈش ۋە تەھقىقلەش يولىدا ئىلمىي سەپەرلەر تېخىمۇ جانلانغان. دەل مۇشۇ چاغدا بارلىق ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بارچە ئارخىپلىرى توپلاپ چىقىلغان. ئىمام بۇخارى مەخسۇس ھەدىس رىۋايەت قىلغان كىشىلەر ھەققىدە « تارىخۇل كەبىر (بۈيۈك تارىخ)» ئاتلىق تولىمۇ قىممەتلىك بىر تارىخىي ئەسەر يېزىپ چىققان بولۇپ، مەزكۇر ئەسەر ئارقىلىق ئەينى چاغدىكى ئىشەنچلىك ھەدىس ئىگىلىرى بىلەن ساختا ھەدىس توقۇغانلارنىڭ سالاھىيىتى ئايرىپ چىقىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتى تا ھازىرغىچە يوقالغىنى يوق. ئىبنى ئىسمائىلنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇبەيدىن رىۋايەت قىلىنغان قۇرئاننىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدىكى بىر ھەدىستىلغا ئېلىنغان. ئىبنى ئىسمائىل بۇ ھەدىسنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بۇنى رىۋايەت قىلغان ئادەم بىلەن يۈزلىشىش مەقسىتىدە مەدائىنغا كەلگەن. ئۇ ئادەم بۇ ھەدىسنى ۋاسىتتىكى بىر شەيختىن ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتقان. ئىبنى ئىسمائىل ۋاسىتتىكى شەيختىن سورىسا، ئۇمۇ بۇ ھەدىسنى كۇلادىكى بىر شەيختىن ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتقان. ئىبنىئىسمائىل كۇلاغا كېلىپ سورىغاندا ئۇ كىشىمۇ بۇ ھەدىسنى ئاباداندىكى بىر شەيختىن ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن. ئىبنى ئىسمائىل ۋاز كەچمەي ئابادانغىمۇ يېتىپ كېلىپ ھېلىقى ئادەمنى تېپىپ ئۇنىڭغا :«ئاللاھتىن قورقىن، بۇ ھەدىس ھەققىدە راس سۆزلىگىن، مەن بۇ ھەدىسنى ئېنىقلاش ئۈچۈنلا مەدائىن، ۋاسىت، كۇلا قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ سىزنىڭ ئالدىڭغا كەلدىم. بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ئوتتۇرىدىكى ۋاستىلەردىن سەندىن باشقىسى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. سەن بۇ ھەدىس ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىن» دېگەندە، ئاباداندىكى ئۇ شەيخ ئۇنىڭغا :«بىز بىر قانچىمىز قاراپ باقساق كىشىلەر قۇرئانغا قىزىقماس بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا بىز كىشىلەرنى قۇرئانغا قىزىقتۇرۇش مەقسىتىدە بۇ ھەدىسلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارغان ئىدۇق» دېگەن. ھەدىس پېشۋالىرىدىن بولغان شۇئبە ئىبنى ھۆججاج ساھابە ئۆقبە ئىبنى ئامىردىن رىۋايەت قىلىنغان:« كىمكى تاھارەتنى كامىل ئالسا، ئۇ جەننەتلەرنىڭ دەرۋازىلىرىدىن قايسى دەرۋازىنى خالىسا شۇ دەرۋازىدىن كىرىدۇ » دېگەن بىر ھەدىسنى ئېنىقلاش ئۈچۈن مەككە، مەدىنە ۋە بەسرە قاتارلىق جايلارنى كېزىپ، ھەدىسنىڭ ئىسنادىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئەبۇ ئىسھاق، ئابدۇللا ئىبنى ئەتا، مىسئەر ئىبنى كىرام، سەئىد ئىبنى ئىبراھىم ۋەزىياد ئىبنى مىخراق قاتارلىق ھەدىس راۋىلىرى بىلەن مۇلاقات بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ھەدىسنىڭ ئاساسسىزئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئىمام ئەھمەد بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەن:« دائىم ئالىي ئىسنادنى قوغلىشىش ئىلگىرىكىلەردىن بىزگە قالغان سۈننەتتۇر.» ئۇ يەنە :« ئالىي ئىسنادنى قوغلىشىش دىنىنىڭ تارمىقىدۇر» دېگەن.

3 . بۈۋنىمىز مەھمۇد يالغۇز بىر تىلشۇناس بولۇپلا قالماي بەلكى بىر ھەدىسشۇناس ئىدى:

ھەممىگە مەلۇمكى قاراخانىلار قاغانلىقى دەۋرى ( 840 ــ 1212 )، بولۇپمۇ ئىسلامىيەتكە كۆچكەن 920 ــ 930 ــ يىللاردىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندىن 1102 ــ 1128 ــ يىللاردىكى ئەھمەد

بۇغراخانغىچە بولغان ئىككى ئەسىرلىك ئالتۇن دەۋرى تارىم ۋادىسى، ئىلى ۋادىسى، پەرغانە ۋادىسى، تالاس ۋادىسى ۋە ماۋەرائۇننەھردىكى ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان ئەڭ قەدىمقى بارچە جايلاردا يېڭىچە ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ۋە كۈنسېرى يۈكسىلىۋاتقان پەۋقۇلئاددە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە دەۋر بولۇپ، بۇ دەۋردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ( 901 ـ 956 ) ئۇل سېلىپ بەرگەن، يۈسۈپ قادىرخان ( 971 ـ 1032 ) ۋايىغا يەتكۈزگەن ئۇلۇغ گۈللىنىش مەنزىرىسى پۈتۈن خاقانىيە تۇپرىقى مىقياسىدا نامايان بولغان ئالتۇن مەزگىل ئىدى. مانا مۇشۇ مەلىكۇل مەشرىق يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغلى ياغان تېكىن مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ ( 991 ـ 1058 ) ھەم ئەلەمدە ھەم قەلەمدە ۋايىغا يەتكەن قابىلىيەتلىك ئوغلى ھۈسەيىن چاغرى تېكىندىن ( 1010 ـ 1058 ) تۇغۇلغان ئامراق ئەۋرىسى شاھزادە ھەزرىتى مەھمۇد كاشغەرىي ( 1029 ـ 1126 ) ئۆز دەۋرىنىڭ يېتۈك ئالىمى ۋە ھەربىي ئىشلار پېشۋاسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دىنىي بىلىملەر ئىچىدىكى ئەڭ مۆتىۋەر ئىلىم بولغان ھەدىس ئىلمىنىڭمۇ غوللۇق مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر خەلقىمىز ئەينى چاغدىلا ئۇلۇغ ئالىمغا «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم» دېگەن قۇتلۇق نام بىلەن «ھەزرىتى موللام» دېگەن ئۇلۇغ نامنى بەرگەن. بۇ خىسلەتلىك نام تاكى يېڭى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى ئون نەچچە يىلىغىچە داۋام قىلىپ، توققۇز ئەسىردىن بېرى خەلقىمىز تەرىپىدىن ئىززەتلىنىپ ياد ئېتىلىپ كېلىنگەن. تولىمۇ ئەپسۇسكى، ۋەتىنىمىزدىكى شارائىت ۋە سىياسىي جەھەتتىكى چەكلىمىلەر ئېغىر بولغاچقا، قاراخانىلارنىڭ داڭلىق شاھزادىسى ۋە قانۇنلۇق تەخت ۋارىسى بولغان بۇۋىمىز مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد بۇغراخان ئىبنى يۈسۈپ قادىرخان كاشغەرىي ھەزرەتلىرى پەقەت بىر تىلشۇناس ياكى بىر تۈركولوگ سۈپىتىدىلا تونۇلۇپ، باشقا ئىلمىي سۈپەتلىرى ۋە مۇكەممەل ئوبرازى زادىلا تولۇق يارىتىلماي قالدى. شۇ قاتاردا ئالىمنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ھەدىسشۇناسلاردىن ئىكەنلىكىمۇ ئىزچىل نەزەردىن ساقىت قىلىنغان. مەزكۇر ھەقىقەت ئالىمنىڭ ۋاپاتىدىن تۈپتوغرا 855 يىل كېيىن ۋەتىنىمىزدىكى داڭلىق ۋە نوپۇزلۇق دىنىي ئالىم مەرھۇم مۇھەممەدسالىھ داموللا ھاجىم تەرىپىدىن ئاشكارىلانغان. مۇھەممەد سالىھ دامولla ھاجىم بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ « تۈركىي تىللار دىۋانىنىڭ مۇقەددىمىسىگە كىرىش سۆز» ناملىق ئەسىرىدە تۆۋەندىكىدەك پاكىتلىق ۋە قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلارنى بەرگەن:

«مۇقەددىمە»دە مەھمۇد كاشغەرىي خەلىپە مۇقتەدىرنى ياخشى سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلەپ، ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مۇنداق قىلىشىمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. خەلىپە مۇقتەدىر دۆلىتىنىڭ ئاۋاتلىقى ئۈچۈن كۆپ ئىشلارنى قىلغان. جەمئىيەت ئامانلىقىنى كۈچەيتكەن، قىمارخانا، پاھىشىخانىلارنى يوقاتقان. بىكار تەلەپلەرگە چەك قويغان. مۇنچا ـ سەرراپلاردىن چىققان پاسكىنا سۇلارنى دەجلە دەرياسىغا ئېقىتىۋېتىشنى توسقان. ئايرىم قۇدۇقلارنى كولىتىپ پاسكىنا سۇلارنى چىقىرىشنى يولغا قويغان. ئىلىم ئىشلىرىنىڭ راۋاجىغا ئىمكان بېرىپ، ئالىملارنى ھۆرمەتلىگەن، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئۈستۈرگەن. مەھمۇد قەشقەرى مۇقەددىمىدە: «تۈرك تىلىنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ» («دىۋان»، توم، 2 ـ بەت) دېگەن ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرۈپ، بۇنى ئىشەنچلىك بۇخارالىق بىر ئالىم بىلەن نىشاپورلۇق بىر ئالىمدىن ئاڭلىغانلىقىنى يەنى تەلىم ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ يەردە «ئاڭلىدىم» دەپ تەرجىمە قىلىنغان سۆز ئەسلى تېكىستىدە «سەمئىتۇ» ( سمعت) بولۇپ، ھەدىسشۇناسلارنىڭ ئىستىلاھى (تەبىرى) بويىچە ئېيتقاندا، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ھەدىس ئۆگەندىم» دېگەن بولىدۇ. دېمەك، بۇ سۆز ھەدىس ئۆگەنگۈچى

شاگىرت بىلەن ئۇگەتكۇچى ئۇستازنىڭ ئارىسىدا قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، مەھمۇد قەشقەرى ھەدىس ئىلمى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان، بۇخارا، نىشاپورلارغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئەينى زامانلاردا بۇخارا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ۋە ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ مەركىزى بولغان، بۇخارا ئۆزىنىڭ مەدرىسلىرى، يېتىشتۇرۇپ چىققان ئالىملىرى بىلەن جاھانغا داڭق چىقارغان. تالىبۇل ئىلىملەرنىڭ ۋە ئۆلىمالارنىڭ قىبلىگاھى بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە داڭدار ئالىملارنىڭ نۇرغۇنى بۇخارا مەدرىسلىرىنىڭ ئۆزۈپ چىققان پىشقەدەم تالىبۇل ئىلىملىرى ئىدى. ھەدىسشۇناسلىق بۇرۇندىن تارتىپ بۇخارادا ئالاھىدە راۋاجلانغانىدى. ھەدىسشۇناسلارنىڭ پىرى، ئەڭ مۆتىۋەر كىتاب «سەھھىلبۇخارى»نىڭ مۇئەللىپى ئىمام بۇخارى ئەنە شۇ بۇخارادا يېتىشكەنىدى. نىشاپورمۇ بۇخاراغا ئوخشاش ئىلىم مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. ئەينى چاغلاردا ئابباسىيە دۆلىتىدە ئىككى ئىلىم مەركىزى بولۇپ، بىرى باغدات، يەنە بىرى نىشاپور ئىدى. ئىسلامىيەت تارىخىدا تۇنجى بولۇپ مەيدانغا كەلگەن نىزامىيە مەدرىسىنىڭ بىرى باغداتتا، يەنە بىرى نىشاپوردا تەسىس قىلىنغانىدى. ئىلىم سورۇنلىرى، بىلىم ئېلىش جايلىرى مەسچىتلەردىن مەدرىسلەرگە كۆچكەن دەۋرلەردە نىشاپور شەرقنىڭ كۆزنىكى، فازىللارنىڭ كانى، ئۆلىمالارنىڭ ماكانىغا ئايلانغان ئىدى.

مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇرتىلى بىلەن ئەرەب تىلىغا توشقان تىلشۇناس بولۇشى بىلەن تەفسىر، ھەدىس، فىقھى(قانۇنشۇناسلىق) قاتارلىق ئىسلامشۇناسلىق بىلىملىرىنىمۇ پۇختا ئىگىلىگەنىدى. مەزكۇر ھەدىسنى بۇخارالىق ۋەنىشاپورلۇق ھەدىس ئالىملىرىدىن ئۇگەنگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇخارا ۋە نىشاپور قاتارلىق ئىلىم مەركەزلىرىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئىمام بۇخارىدىن قالسىلا 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان، مەشھۇر ھەدىس كىتابى «سەھىھ مۇسلىم»نىڭ مۇئەللىپى مۇسلىم ئىبنى ھوججاج نىشاپورلۇق ئالىم ئىدى. ئىمام بۇخارىنى شاپورغا كەلگەندە، مۇسلىم ئۇنىڭدىن ھەدىس ئىلمى ئۆگەنگەن ۋە ئىمام بۇخارىدىن ئۆرنەك ئالغانىدى. نىشاپور ئەبۇل ئاببەسۇلئەسەم، ئەبۇ مەنسۇر، ئابدۇلمەلىك، ئەبۇ ئابدۇللا ھاكىم قاتارلىق ھادىس ئالىملىرى ئۆتكەن يۇرت ئىدى. يۇقىرىقى ھەدىستىكى ئىككى ئالىم ئەسلى تېكىستتە «ئىمام» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن، بۇ يەردىكى«ئىمام»نىڭ مەنىسى «ھەدىسشۇناس، ھەدىس ئالىمى، ھەدىس پېشۋاسى» دېگەن بولىدۇ. لېكىن مۇئەللىپ بۇيەردە ئۇلارنى «ئىمام» دەپ ئاتاش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئېنىق تىلغا ئالمىغان. بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇ، مەھمۇد قەشقەرى يۇقىرىقى ھەدىسنى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتقاندا رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ «ئۆزى جاۋابكار»، «توغرا بولمىغان تەقدىردىمۇ» دېگەن ئىزاھنى بېرىپ مەزكۇرھەدىسكە تازا ئىشەنچ قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. روشەنكى، مۇئەللىپ ئۆزىگە ئۇستاز يوللۇق ھەدىس پېشۋالىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئۇلارنى يالغانغا چىقىرىشنى ئەپ كۆرمىگەن، ئۇلارنى ئايىغان.

ئىككىنچى ھەدىسكە كېلىدىغان بولساق، مەھمۇد كاشغەري بۇ ھەدىسنى توغرا دەپ قارىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ھۆسەيىن خەلەپتىن تەلىم ئالدىم، دەپ ئۇستازىنىڭ ئىسمىنى ئاشكارا تىلغا ئالغان. «ھەدىس قۇدسى» رىۋايەت قىلغۇچى ھۆسەيىننى مەھمۇد كاشغەري شەيخ، ئىمام، زاھىد قاتارلىق ئۈچ سۆز بىلەن سۈپەتلەيدۇ. بۇيەردىكى «شەيخ»نىڭ مەنىسى ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئىستلاھى بويىچە ئېيتقاندا، ھەدىس ئىلمىدا تونۇلغان ئۇستاز، دېگەن بولىدۇ. «ئىمام» نىڭ مەنىسى ئىلىم ـ پەننىڭ بىرەر تۈرىدە ئۆزۈپ چىقىپ، شۇ پەننىڭ مۇتەخەسسىسى، پېشۋاسى بولغان ئادەمگە قارىتا ئېيتىلىدۇ. بۇ يەردە ھەدىس ئىلمىنىڭ ھەممە ئېتراپ قىلغان مۇتەخەسسىسى دېگەن مەنانى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىلدۈردۇ. «زاھىد» تەقۋادار مەنىسىدە، بۇنىڭدىن تەقۋادار ئادەم ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا يالغانچى ئاربلاشتۇرمايدۇ، دېگەن مەنا چىقىدۇ. «دىۋان» دا «حسين بن خلف الكاشغري» يەنى قەشقەرلىق خەلەف ئوغلى ھۈسەيىن، دەپ تىلغا ئېلىنغان. تارىخى مەنبەلەردە بولسا، ھۈسەيىن ئىبىن ئەلى ئىبنى خەلەف دەپ تىلغا ئېلىنغان. ھەدىسشۇناس ئالىملارنىڭ تەرجىمھالى يېزىلغان ۋە ئىشەنچىلىك دەپ قارالغان «مىزانۇلئىئتىدال» (ھەدىسشۇناسلارنىڭ تەرجىمھالى)دا ئۇ ئەڭ زىرەك ھۈسەيىن ئىبىن ئەلى كاشغەرى دەپ ئېلىنغان. شۇنىڭدەك ئەبۇلفەزلى ھۈسەيىن ئىبىن ئەلى بولسا، ئىبىن غىلاندىن ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ. ئىبىن غىلان ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا ئىشەنچىلىك ئەمەس، دەپ باھا بېرىدۇ. «مىزانۇل ئىئتىدال» كىتابىدا «ئەلمەئى» (زېرەك) دېگەن سۆز ھۈسەيىننىڭ سۈپىتى قىلىپ ئېلىنغان. «مۇلھەقاتۇسسۇراھ» (ملحقات الصراح - سۇرراھە لۇغىتىنىڭ قوشۇمچىسى) دا ھۈسەيىننىڭ ئوغلى ئابدۇغەففارنىڭ سۈپىتى قىلىپ ئېلىنغان. «مۇلھەقاتۇسسۇرراھ» نىڭ مۇئەللىپى «مىزانۇل ئىتدال»نىڭ مۇئەللىپىدىن يېرىم ئەسىرچە بۇرۇن ئۆتكەنلىكى ۋە ھۈسەيىن ئىبىن ئەلى خەلەفنىڭ يۇرتدىشى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە ئۇنىڭ سۆزى باشقىلارنىڭكىدىن ئىشەنچىلىكرەك دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. جامال قارشى يازغان «سۇراھ» لۇغىتىنىڭ مۇلھەقاتىدا (قوشۇمچىسى) ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەف كاشغەرى، دېيىلگەن. دېمەك، «دىۋان»دا ھۈسەيىننىڭ دادىسى بولغان ئەلى سۆزى چۈشۈپ قىلىپ، ھۈسەيىننىڭ بوۋىسى ئۇنىڭ دادىسى قىلىپ قويۇلغان. ھۈسەيىن ئۆز دەۋرىدە تونۇلغان زور ئالىم بولۇپ، باغدات ۋە قەشقەرلەرنىڭ مەدرىسلىرىدە نۇرغۇن تالىبۇل ئىلىملەرگە دەرس ئۆگەتكەن. تەفسىر ۋە ھەدىسكە ئائىت كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان. مىلادى 1093 - يىلى (ھىجرىيە 486 - يىلى) قەشقەردە ۋاپات بولغان، ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەفنىڭ زېرەك ئابدۇلغەففار دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇمۇ دادىسىغا ئوخشاشلا توشقان ئالىم بولغان، تەفسىر ۋە ھەدىسكە ئائىت ئەسەرلەرنى تەسنىپ قىلغان (يېزىپ چىققان).

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قەشقەردە دادىسىنىڭ ھوزۇرىدا دەرس ئوقۇۋاتقاندا، ئۇنى شۇ زامانىنىڭ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان خان چاقىرىپ، ئۇلاغ ئەۋەتىدۇ. ئابدۇغەففار يولدا كېتىۋېتىپ ئۇلاغدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، شۇجايىدىلا جان ئۈزىدۇ. ئۇنىڭ جەسىدى قەشقەرنىڭ سىرتىدىكى يەتتە قىبلە دېگەن جايغا دەپنە قىلىنىدۇ. ئابدۇغەففارنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەپمۇ «يەتتە قىبلە» دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئەنە شۇ ئابدۇغەففار «تارىخى كاشغەر» («قەشقەر تارىخى») ناملىق تارىخ كىتابىنى يازغانىدى. ئەپسۇسكى، بۇ كىتاب ھازىرغا قەدەر بايقالغىنى يوق. ئابدۇغەففارنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەفنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھېچقايسىسىزامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

### 4 . ھەدىس رىۋايىتى ئىلمى ھەققىدە:

ئىسلام ئالىملىرى ھەدىس رىۋايىتى ئىلمىگە تەبىر بېرىشتە ئىككى خىل قاراشتا بولغان: بىرىنچى خىل قاراشقا ئىبنى ئەكفانى، زەكەرىيا ئەنسارى، ئابدۇررەئۇف مەناۋى، ئەلى قارى، ئەبۇ يەئلا ئەلمۇسىلىلار ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار ھەدىس رىۋايىتى ئىلمى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق سۆز - ئىبارىسى، ئىش - ھەرىكىتى، سۈكۈتى ھەمدە ئۇنىڭ ئەخلاقى ۋە تاشقى قىياپىتى ھەققىدىكى تەسۋىر - بايانلارنى، شۇنىڭدەك بارلىق ساھابىلەر، تابىئىنلارنىڭ سۆز - ئىبارىسى ۋە ئىش - ھەرىكىتى

ھەمدە بارلىق رىۋايەتلەرنى تارقىتىش، تەھقىقلەش ۋە خاتىرىلەشنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمدۇر، دەپ قارايدۇ. بۇ تەبىردە ھەدىس رىۋايىتى ئىلمى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى يەتكۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدارتەھقىقلەش، خاتىرىلەش، ساقلاش ۋە كىتاب قىلىپ تۈزۈش خىزمىتى قاتارلىقلار بىلەن چەكلەنگەن. بۇ نۇقتىدىن شۇنى دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ تەبىر "رىۋايەت" دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. چۈنكى، رىۋايەت ئەسلىدىنلا قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىش ئىشلىرىنى مەركەز قىلىدۇ. ئىككىنچى خىل قاراشتا تاش كۆبرى زادە، ھاجى خەلىفە، سادىق ھەسەنخانلار ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار ھەدىس رىۋايىتى ئىلمى ھەدىسنى قانداق قىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇلاشنى، ھەدىسنىڭ سەھىھ ياكى زەئىپئىكەنلىكىنى، رىۋايەتچىنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكىنى، رىۋايەتنىڭ ئېنىق ياكى ئەمەسلىكىنى، رىۋايەتچىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئەيىبلەنگەن ياكى ئەيىبلەنمىگەنلىكىنى، سەنەددە ئۈزۈكلۈك بار ـ يوقلۇقىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمدۇر، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشنى قوللايدىغان ئالىملاردىن يەنە ئابدۇللا ئەمارلار بار بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن:"ھەدىس رىۋايىتى ئىلمى رىۋايەتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى، شەرتلىرىنى ھەمدە ھەدىس سەنەدىنىڭ قانداق ئۇلانغانلىقىنى، رىۋايەتچىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ھەدىس رىۋايىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمدۇر". بۇ ئىلىم "ئىلمۇل مۇستەلەھ"(ھەدىس ئاتالغۇلىرى ئىلمى)، "ئىلمى ئۇسۇلۇل ھەدىس"(ھەدىس قائىدىلىرى ئىلمى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ پەننى "ئىلمۇ رىۋايەت ئەلھەدىس"(ھەدىس رىۋايىتى ئىلمى) دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە: 1) ھەدىس رىۋايىتى ئىلمى ھەرقايسى جەھەتتىن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىشنى تەتقىق قىلىش بىلەن چەكلەنگەن. 2) ئالىملار مۇنداق دېگەن: ھەدىس ئىلمى دەل ھەدىس رىۋايەت قىلىش ئىلمىدۇر، شۇڭا مەزكۇر ئىلىم ئۇنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ ھەدىس رىۋايىتى ئىلمى دەپ ئاتالغان. خەتىيب ئەلباغدادى ھەدىس ئىلمى ئاتالغۇلىرى ھەققىدە يازغان كىتابىنى «رىۋايەت ئىلمىگە كۆپايە» دەپ ئاتىغان؛ ئىبنى جۇزۇرى ھەدىس ئىلمى ئاتالغۇسى ھەققىدە يازغان كىتابىنى «ئەلھىدايە فىئىلم ئەررىۋايە»(رىۋايەت ئىلمى يېتەكچىسى) دەپ ئاتىغان؛ ساخاۋى بۇ كىتابقا شەرھ يېزىپ ئۇنى «ئەلغايە فىئىلم ئەررىۋايە»(رىۋايەت ئىلمىنىڭ نىشانى) دەپ ئاتىغان؛ ئەبۇلھەققىل شىبلىمۇ ھەدىس ئىلمى كىتابىنى «مۇختەسەر ئەلكىفايە فىئىلم ئەررىۋايە»(رىۋايەت ئىلمىگە كۆپايەنىڭ قىسقارتىلمىسى) دەپ ئاتىغان. ئىبنى ھەجەر «نۇخبەتىل فىكىر» دېگەن كىتابىنىڭ شەرھىسى «نۇزھەتۇن نەزەر»دە مۇنداق دېگەن: «ئۇلاردىن كېيىن باغداددا ئەبۇ بەكرى خەتىب دېگەن ئالىم مەيدانغا كەلدى، ئۇ رىۋايەت قائىدىسى ھەققىدە بىر كىتابيېزىپ، ئۇنىڭغا <رىۋايەت ئىلمىگە كۆپايە> دەپ ئات قويدى. ھەدىس رىۋايەت قىلىش ھەققىدە يەنە بىر كىتاب يېزىپ ئۇنىڭغا <ئەلجامىئ لىئەدەبىششەيخى ۋەتتالىب»(ئۇستاز ۋە شاگىرت ئەدەپلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان) دەپ ئىسىم قويدى.» شۇڭا، دوكتور نۇرىددىن ئەنتارنىڭ قارىشىدا، ھەدىس رىۋايىتى ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى «ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلىنىش سەنەدىنى تەھقىقلەش ۋە ئىشەنچ دەرىجىسىنى بېكىتىش»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەدىس رىۋايەت ئىلمى ھەدىسنى بىرمۇ بىر تەتقىق قىلىدۇ، ھەربىر ھەدىسنىڭ روھىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئۇنىڭ نىشانىدۇر. شۇۋەجىدىن، ھەدىس رىۋايىتى ئىلمى ھەدىس رىۋايەت قىلىش ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنى بەلگىلىگەن. دوكتور ئەنتارمۇ ھەدىس رىۋايىتى ئىلمىنى ئاددىيلا قىلىپ «ھەدىس ئۇسۇل ـ قائىدىسى ئىلمى» دەپ ئاتاشقا قوشۇلمىغان. ھەدىس رىۋايىتى ئىلمىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى: مەزكۇر ئىلىمنىڭ تەتقىقات دائىرىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارغا تۇتىشىدىغان ھەدىسلەردۇر. بۇ ئىلىم ھەدىسلەرنىڭ رىۋايەت قىلىنىشى، رەتلىنىشى ۋە

www.uyghurkitap.com

ھەدىسنىڭ سەنەدىنى تەتقىق قىلىدۇ. ھەربىر ھەدىسنىڭ سەھىھ، ھەسەن ياكى زەئىپ ئىكەنلىكىنى ئايرىيدۇ. شۇنداقلا ھەدىسنىڭ مەزمۇنى، ھەدىسنىڭ تېكىستىدىن ئېلىنىدىغان ھۆكۈملەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ھەدىس رىۋايىتى ئىلمىنىڭ نىشانى: ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ھەدىس رىۋايىتى ئىلمىنىڭ نىشانىدۇر. چۈنكى، بۇ ئىلىم رىۋايەتچىنى ھەدىس رىۋايەت قىلغان چاغدا بىپەرۋالىق قىلىشتىن ساقلايدۇ. رىۋايەتچىگە ھاياتىنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا توغرا ئەگىشىشكە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ.

بىر قىسىم ئاتالغۇلارغا ئىزاھات:

1 . ھەدىس، رىۋايەت ۋە ئەسەرنىڭ پەرقلىرى:

ئەرەب تىلىدا "ھەدىس"نىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار. بىرى "يېڭى" بولۇپ، ئۇ "كونا" بىلەن قارمۇقارشى مەنىدە. يەنە بىر مەنىسى كىشىلەر قىلىشىدىغان "گەپ ـ سۆز"دۇر. مۇھەددىسلەرنىڭ ئىستىلاھىدا ھەدىس ئۈچ خىل ئۇقۇمنى ئىپادىلىگەن. بىرىنچى خىل ئۇقۇم: ھەدىس ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى، ئىش ـ ھەرىكىتى، سۈكۈتى ۋە مۇھەممەدئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى تەسۋىر ـ بايان ھەمدە ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەدىس تەھقىقلىگۈچى ئالىملار ۋە ھەدىسشۇناسلارنىڭ قارىشىدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرىنى رىۋايەت قىلغان ۋە تەھقىقلىگەن ئالىملاردۇر. ئىككىنچى خىل ئۇقۇم: ھەدىس ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى، ئىش ـ ھەرىكىتى، سۈكۈتى ۋە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى تەسۋىرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇقۇمدا ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆزى ساقىت قىلىنغان. ئۈچىنچى ئۇقۇم: ھەدىس ــ پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى، ئىش ـ ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئېنىقلىمىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈكۈتى ۋە ئۇنى سۈپەتلەش ھەمدە ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆزى ساقىت قىلىنغان. ئەلۋەتتە، كۆپ ساندىكى ئالىملار بۇ خىل قاراشنى قوللىمىغان. "رىۋايەت"نىڭ ئەرەب تىلىدىكى لۇغەت مەنىسى ـ راست ياكى يالغان بولسۇن كىشىلەر ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان گەپ ـ سۆزلەردۇر. ھەدىس ئىلمىدە "رىۋايەت"كە ئۈچ خىل تەبىر بېرىلگەن. بىرىنچى ئېنىقلىما ھەدىسكە بېرىلگەن بىرىنچى ئېنىقلىما بىلەن ئوخشاش بولۇپ، "رىۋايەت"مۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى، ئىش ـ ھەرىكىتى، سۈكۈتى، ئۇنى سۈپەتلەشنى ھەمدە ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، "رىۋايەت"كە بېرىلگەن ئەڭ قايىل قىلارلىق ئېنىقلىمىدۇر. ئىككىنچى، رىۋايەت ــ ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭ، ھەتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى، ئۇلاردىن قىلىنغان رىۋايەت ۋە ئادەتتىكى خەۋەرلەرنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا "رىۋايەت" ۋە"ھەدىس" ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان ئىككى سۆزدۇر. ئۈچىنچى، رىۋايەت ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار ھەمدە باشقا كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا "رىۋايەت"نىڭ مەنىسى "ھەدىس"نىڭ مەنىسىدىنمۇ كەڭرى. "ئەسەر"نىڭ ئەرەب تىلىدىكى لۇغەت مەنىسى ئادەملەرنىڭ ماڭغاندا يەردە قالدۇرغان ئىزىدۇر. ئۇنىڭ ئىستىلاھى مەنىسى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، ھەدىسشۇناسلارنىڭ قارىشىدا رەسۇلۇللاھ ۋە باشقا كىشىلەردىن قىلىنغان رىۋايەتنىڭ ھەممىسى"ئەسەر" دەپ ئاتىلىدۇ. ئەسەر ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن قىلىنغان رىۋايەتنى، ساھابىلەر ۋە تابىئىنلاردىن رىۋايەت قىلىنغان سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ئەبۇ جەئفەر تاھاۋى ئۆزىنىڭ «ئەسەرلەرنىڭ مەنىسىنى شەرھلەش» دېگەن كىتابىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى، ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرىنى شەرھلەپ چىققان. ئىككىنچى، خوراسان ئالىملىرىنىڭ قارىشىدا "ئەسەر" مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا كىشىلەردىن قىلىنغان

رىۋايەتنى، يەنى باشقا كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. خوراسانلىق فەقىھ ئالىم ئەبۇل قاسىم فەۋرانى مۇنداق دېگەن: "فەقىھ ئالىملارنىڭ قارىشىدا، ھەدىس مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن قىلىنغان رىۋايەتتۇر، ئەمما ئەسەر ساھابىلەردىن قىلىنغان رىۋايەتنى كۆرسىتىدۇ". بۇ قاراشتا ئەسەر ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرى بىلەنلا چەكلەنگەن. بەيھەقى ئۆزىنىڭ ھەدىس توپلىمىنى «سۈنەت ۋە ئەسەرنى تونۇش» دەپ ئاتىغانلىقىدىنمۇ بۇخىل قاراشنى قوللىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كېيىنكى ئالىملار ئارىسىدا خېلى كۆپ قىسمى ھەدىسنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن قىلىنغان رىۋايەتنى "ھەدىس"، ساھابىلەردىن قىلىنغان رىۋايەتنى "ئەسەر" دەپ ئاتىغان. چۈنكى، ئەسەر ـ ئەرەب تىلىدا بۇرۇنقىلاردىن ساقلىنىپ قالغان نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. دىققەت قىلىش كېرەككى، يۇقىرىدىكى ئىختىلاپلار پەقەت ئىسىم ۋە ئاتالغۇ جەھەتتىكى ئىختىلاپ بولۇپ، سۆزمەنىسى ئىپادىلىگەن ئوبيېكتىنىڭ بىردەك بولۇش بولماسلىقى مۇھىم ھالقىدۇر. قويۇلغان ئىسىم ئوخشاش بولمىسىمۇ بولىدۇ، ئاتالغۇلار ئوتتۇرىسىدىمۇ ئېنىق چەك ـ چېگرا يوق، چۈنكى ئاتالغۇنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەشتە مۇتلەق قاراش يوق.

2. سەنەد:

سەنەد (السند): سەنەدنىڭ لۇغەت مەنىسى «تايىنىلىدىغان نەرسە» دېمەك بولۇپ، ھەدىس ئىلمىدە: ھەدىسنىڭ مەتنىدىن بۇرۇن تىلغا ئېلىنىدىغان راۋىيلارنى كۆرسىتىدۇ. راۋىيلار ھەدىس مەتنىگە ئېلىپ بارىدىغان بولغاچقا، سەنەد يەنى «يول» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاددىي بىر مىسال ئالساق، مەرھۇم تەجەللىي ئۆز دەۋرىدە بىرەر ھېكمەتلىك گەپ قالدۇرغان بولسا، ئاندىن ئۇ گەپنى شاگىرتى ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم ئوغلى ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىمغا، ئۇ يەنە ئۆز شاگىرتلىرىغا بۇ گەپنى يەتكۈزۈپ بەرسە، بۇ يەتكۈزۈش جەريانىدىكى رىۋايەت قىلغۇچىلار دەل ئاشۇ گەپنىڭ سەنىدى، يەنى تايىنىلىدىغان مەنبەسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاشۇ گەپنىڭ ئۆزى بولسا مەتنى، يەنى گەپنىڭ نەخ يېرى ۋەجەۋھىرى دەپ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنىمۇ بىزگە يەتكۈزگەن بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلەر ھەدىسنىڭ سەنىدى دەپ ئاتالسا، ئاشۇ ھەدىسنىڭ تېكىستى، يەنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن چىققان يېرى مەتنە دەپ ئاتىلىدۇ.

3 . ئىسناد :

ئىسناد (الإسناد): «سەنەد» مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدىغان بولۇپ، بىر ھەدىس ياكى بىر سۆزنى تۇنجى رىۋايەت قىلغۇچى ياكى تىلغا ئالغۇچىنى ئىما قىلىش ئۈچۈن سەنەددە ئورۇن ئالغان راۋىيلارنىڭ ئىسىملىرىنى بايان قىلماق، سەنەدنى بايان قىلماق مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

4 . ئۇممەت :

ئۇممەت ئاتالغۇسى يەككە شەكىلدە قۇرئان كەرىمدە 47 قېتىم كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى 12 قېتىم تەكرارلانغان. ئۇممەت دېگەن سۆز ئەسلىدە ئەرەبچە سۆز بولۇپ، سۆز مەنىسى «مەلۇم بىر نەرسە ئاستىغا ئۇيۇشقان بىر توپ جامائەت دېگەننى بىلدۈرىدۇ». مەيلى ئۇلار ئاستىغا ئۇيۇشقان نەرسە دىن بولسۇن، ياكى ۋەتەن بولسۇن، ۋە ياكى مەلۇم دەۋر بولسۇن، ئىشقىلىپ ئاشۇ ئامىللارنىڭ بىرى ئاستىغا ئۇيۇشقان بىر توپ گۇرۇھ ئۇممەت دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇممەت ئاتالغۇسى قۇرئاندا تۆۋەندىكىدەك يەتتە خىل مەنىدە كەلگەن: (1) ئىنسانلار ئىچىدىكى مەلۇم بىر جامائەت. بۇ مەنە قۇرئان كەرىمدە كۆپرەك ئىشلىتىلگەن. (2): شەرىئەت، تەرىقەت، سۈلۈك ۋە مەسلەك مەنىسىدە كەلگەن. (3) بارلىق ئىشلاردا ئۈلگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىنىشقا تېگىشلىك ئادەم. «إن إبراهيم كان أمة » . يەنى ھەزرىتى ئىبراھىم ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەگىشىشكە ۋە ئۈلگە قىلىنىشقا تېگىشلىك ئۈلگە ۋە پېشۋا كىشى ئىدى. (4) مەلۇم مەزگىل مەنىسىدە. (5) مەخلۇقات ۋە خالايىقلار مەنىسىدە. (6) ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى، يەنى ئەھلى ئىسلام گۇرۇھى مەنىسىدە.

## 5. ھەدىسشۇناس (مۇھەددىس):

مۇھەددىس (ئەرەبچە: محدث) ھەدىس ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىلەرگە بېرىلگەن ئىسلامى ئۇنۋاندۇر. مۇھەددىسلەر ھەدىسلەرنى توپلىغان ۋە ئۇلارنى كېرەكلىك ئۆلچەملەرگە كۆرە تۈرلەرگە بۆلگۈچى كىشىلەردۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە فەقىھلەر ھەدىسنىڭ مەنىسى، مەزمۇنى بىلەن ۋە ھەدىسلەردىن چىقىرىلغۇسى باشقا مەنالار كەبى تېمىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ مەنادا شەرىئەت ۋە ئىبادەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك دىنى قائىدىلەرنى فەقىھلەر قويىدۇ.

## 6. ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەف:

تولۇق ئىسمى: ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەف ئىبنى جىبرىئىل ئىبنى سالىھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلمۇئى بولۇپ، ئادەتتە ئەبۇ ئابدۇللا كاشغەرىي دەپ تونۇلغان. ئۇ كىشى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇستازى ۋە قاراخانىلار قاغانلىقىنىڭ ساناقلىق مەنىۋى ئۇستازلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆز دەۋرىدە قاراخانىلارنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت جەھەتتىكى گۈللىنىشىگە زور تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ قولىدىن ساناقسىز ئىستىدات ئىگىلىرى يېتىشىپ چىققان. بەزى مەنبەلەردە، ھەدىس ئىلمى ۋە تىلشۇناسلىقتا ئۇنىڭ زېرەك ئوغلى ئابدۇلغەففار كاشغەرىينىڭ دادىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. گەرچە ئالىمنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق بولمىسىمۇ، بىراق مەھمۇدكاشغەرىينىڭ ئۇستازى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر ھالدا مىلادى 1010 ـ يىلىدىن بۇرۇن تۇغۇلغان دېيەلەيمىز. ئۇ 1093ـ يىلى ( ھىجرىيە 486 ـ يىلى ) ۋاپات بولغان.

## 7 . ئەبۇل فۇتۇھ ئابدۇلغەففار ئىبنى ھۈسەيىن :

مەزكۇر ئالىم ھەققىدە «الوافي في الوفيات»نىڭ مۇئەللىپى مۇنداق ئۇچۇرلارنى بەرگەن: أبو الفتوح الكاشغري نىڭ تولۇق ئىسمى : عبد الغفار بن الحسين بن علي بن خلف بن جبريل ئىدى. بىراق ئۇ أبو الفتوح الألمعي الكاشغري نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. ھەدىس ئىلمىدا بىر توپ جامائەتتىن ھەدىس ئۆگەندى دەپ تارىخقا پۈتۈلگەن. ئۇ كىشىنىڭ ھەدىس ئىلمىدىكى ۋە ئەرەب تىلىدىكى ئۇنۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسىمۇنداق باھالانغان «وكان فهماً ذكياً عارفاً بالحديث واللغة حافظاً» . بىز بۇنداق يۇقىرى باھاغا قاراپلا ئالىمنىڭ ئاتىسى مەرھۇم ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف رەھىمەھۇللانىڭ نوپۇزىنى پەرەز قىلالايمىز. چۈنكى يۇقىرىقى سۆپەتلەرگە ۋە باھالارغا لايىق كۆرۈلگەن ئالىم ئابدۇلغەففار ھۈسەيىن ۋاپات بولغان چېغىدا يەنىلا دادىسىنىڭ ھۇزۇرىدىكى بىر ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدە ئىسلام تارىخچىلىرى مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: « مات في أيام طلبه سنة ست وستين وأربع مائة » . يەنى ئۇ ھىجرىيە 466 ـ يىلى ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە قازا قىلغان. يەنى ئۇنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى دەل 1074 ـ يىلىغا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، ئۇنى ھۇزۇرىغا چاقىرتقان قاراخانىلار سۇلتانىنىڭ مەھمۇد

بۇغراخان ( يۈسۈپ قادىرخاننىڭ كەنجى ئوغلى ) ياكى ھەسەن بۇغراخان ( يۈسۈپ قادىرخاننىڭ نەۋرىسى، سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئىستىداتلىق ۋە دانا ئوغلى) ئىكەنلىكى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. چۈنكى ھەسەن بۇغراخان 1075 ـ يىلى ئاباسىيلار خەلىپىسى مۇقتەدىبىئەمرىللاھ بىلەن تەگلا تەختكە چىققان بولۇپ، خەلىپە مۇقتەدى 1094 ـ يىلى، ھەسەن بۇغراخان 1102 ـ يىلۋاپات بولغان.

8. ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدىكى كىتاب «الوافي في الوفيات» ھەققىدە:

مەزكۇر كىتاب ھازىرقى ئىسرائىلىيەنىڭ ئەك شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدىغان « ۋاھە سەفدى» (بۇ جاي 1140 ـ يىلى ئەھلى سەلىپ تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. 1188 ـ يىلى سالاھىددىن ئەييۇبى قايتۇرۇۋالغان. 1240 ـ يىلى ئۇنىڭ ئەۋلادى بۇ جاينى قايتىدىن ئەھلى سەلىپكە ئۆتۈنۈپ بەرگەن. 1266 ـ يىلى سۇلتان بەيبارسقايتۇرۇۋالغان. 1517 ـ يىلى ياۋۇز سۇلتان سېلىم بۇ جاي ئارقىلىق يۈرۈش قىلىپ مىسىرنى قوشۇۋالغان. 1918 ـ يىلى يازدا ئەنگلىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. 1948 ـ يىلى 24 ـ ئاپرىل يەھۇدى قوراللىقلىرى تەرىپىدىنئىشغال قىلىنغان. شۇندىن بېرى ھازىرغىچە ئىزچىل ئىسرائىلىيگە تەۋە بولۇپ كەلمەكتە). دېگەن جايدا 1296 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1363 ـ يىلى 23 ـ ئىيۇل ۋابا كېسىلى بىلەن دەمەشقتە ۋاپات بولغان داڭلىق ئەللامە خەلىل ئىبنىئايبەگ ئىبنى ئابدۇللاھ سالاھىددىن سەفدى تەرىپىدىن يېزىلغان ئوتتۇز توملۇق تەرجىمىھال كىتابى بولۇپ،ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ تەرجىمىھالى توپلانغان نوپۇزلۇق كىتاب دەپ قارىلىپ كەلمەكتە. بۇ كىتاپ بەشئەسىردەك قولىيازما ھالىتىدە تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئاخىرى 1845 ـ يىلى قۇرۇلغان گېرمانىيە شەرقشۇناسلىقجەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان. نەشرگە تەييارلاشتا ھېلموت رىيتىر بىلەن بىرگە رامزان ئابدۇتەۋۋاب، سالاھىددىن مۇنەججىد، شۇكرى فايسال ۋە ئىھسان ئابباس قاتارلىق داڭلىق ئەرەب زىيالىلىرى ئالاھىدە كۈچ چىقارغان.

پايدىلانغان ئاساسلىق مەنبەلەر:


1. ھەدىس شەرىپ توغرىسىدا ئومۇمىي بايان. مۇھەممەد سالىھ داموللاھاجىم، خىتاي مۇسۇلمانلىرى ژۇرنىلى 2005 ـ يىللىق 1 ـ سان. ئومۇمىي 74 ـ سان
2. التاريخ الكبير (تارىخ كەبىر)، ئىمام بۇخارى. 2 ـ توم 122 ـ بەت، 5 ـ توم 256 ـ بەتلەر
3. أُسْد الغابة في معرفة الصحابة. لعز الدين أبي الحسن الجزري الموصلي ( 555–630 هـ) المعروفابن الأثير الجزري ( 1160 – 1233 ).
4. ئىسلام تارىخى، ئىمام زەھەبى، 1990 ـ يىل نەشرى
5. الإصابة في تمييز الصحابة للحافظ ابن حجر العسقلاني، ئەرەبچە نەشرى، 6 ـ توم 188 ـ بەت
6. الوافي في الوفيات للعلامة صلاح الدين خليل بن ايبك الصفدي. الناشر : جمعية المستشرقين الألمانية،اسطنبول، مطبعة الدولة عام ١٩٣١
7. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مۇقەددىمىسى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش، مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم، « ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»ژۇرنىلى 2003ـ يىل 3ـ سان
8. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىدىكى زور ئىشلار يىلنامىسى
9. ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى
10. سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئورنى، دوكتور مۇستاپا سىبائى، 2019 ـ يىل، 9ـ نەشرى، سالام نەشرىياتى
11. كۇۋەيت فىقھى ئىنسىكلوپېدىيىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# ستالىننىڭ شىڭ شىسەيگە يازغان مەكتۇبى

# ستالىننىڭ شىپك شىسەيگە يازغان مەكتۇبى

## دۇبەن شىپك شىسەيدىن يولداش ستالىن، مولوتوۋ ۋە ۋوروشىلوۋغا خەت

### ۋىلسون رەقەملىك ئارخىپخانىسدىكى 121899 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت

مېنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك يېتەكچىم ستالىن، مولوتوۋ ۋە ۋوروشىلوۋ.

مەن 27 ـ ئىيۇلدىكى خېتىڭلارنى كومىتېت رەئىسى سۋانىدىز (Svanidze) ئارقىلىق تاپشۇرۇۋالدىم.

مەن سىلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتىكى يېتەكچىلىكىڭلار ۋە ياردىمىڭلاردىن چوڭقۇر مىننەتدارمەن. دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى (يەنى ھەرقايسىڭلار، ت)نىڭ مەن ئۈزۈمنىڭ چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى دەپ قارىغان ۋە كۆرسەتمە ـ بۇيرۇق سۈپىتىدە كۆرگەن تەكلىپنى رەت قىلمىغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشالمەن.

ماڭا بەرگەن كۆرسەتمىلىرىڭلار شەك ـ شۈبھىسىز توغرىدۇر. مەن ئۇلارنى ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىجرا قىلىمەن. شىنجاڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات باسقۇچىدا، فېئوداللىق جەمئىيەتكە، قالاق كۇلتۇر ۋە سانائەتكە ئىگە يۇرت بولۇش سۈپىتى بىلەن، سىلەرنىڭ بەرگەن باھايىڭلارغا تامامەن ماس كېلىدۇ. بۇ يەردە پرولېتارىيات بازىسىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، شۇڭا كوممۇنىزمنى يولغا قويۇشتىن ئۈمىد كۈتۈش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مەن بۇ كۆرسەتمىگە تامامەن قوشۇلىمەن.

مەن يەنە شىنجاڭدا نەنجىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ ئاقىلانىلىك ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى كۆرسەتمىلىرىڭلارغىمۇ تامامەن قوشۇلىمەن. دەرۋەقە، نەنجىڭ ھېلىھەم جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش يولىدا كۆرەش قىلىۋاتىدۇ. جاھانگىرلىك ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ بىردىنبىر دۈشمىنى. شۇنداقلا، بىز جاھانگىرلىككە قارشى كۈچلۈك ئۇرۇش قوزغاپ، ئۇنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن، جاھانگىرلىككە قارشى ھەرقانداق كۈچ بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىمىز كېرەك. ئەگەر نەنجىڭ ھۆكۈمىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتابى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

جاھانگىرلىك لاگېرىغا قېتىلمىسا ۋە دۆلىتىمىزگە قارشى ھالدا جاھانگىرلىكنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولمىسا، جاھانگىرلىككە قارشى (بىز كەبى) كۈچلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئۇلارنى يوقىتىشنىڭ كويىدىلا بولمىسا، مەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ۋە چىن كۆڭلۈمدىن بويسۇنىمەن.

مېنىڭ پارتىيەگە (سوۋېت كومپارتىيەسىنى دېمەكچى، ت) كىرىشىم توغرىسىدىكى كۆرسەتمىلىرىڭلارنىڭ شەكسىز توغرا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن. مەن نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ بۇنىڭغا يول قويمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم . ئەمما، مەن ئۆزۈمنىڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ سادىق مۇرتى ئىكەنلىكىمگە ئىشىنىمەن ۋە سىلەرنىڭمۇ بۇنىڭغا ئىشىنىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، پارتىيە ماڭا ئەزا بولۇش پۇرسىتى بېرىدۇ، چۈنكى مەن ھازىر تېخىمۇ گۈزەل ھاياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن تەشكىللىك سىياسىي تەربىيە ئېلىشقا تىرىشىۋاتىمەن.

مەن سىلەرنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىڭلاردىن پەۋقۇلئاددە خۇشال ۋە كۆپ مىننەتدارمەن. مېنىڭ بۇ يەردىكى خىزمەتلىرىم يولغا قويۇۋاتقان سىياسەتلىرىمنىڭ توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان كۆرسەتمىلىرىڭلارنى تولۇق قوبۇل قىلغانلىقىم ۋە ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىمنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەن ھەقىقەتەن تېلېگراممىا ۋە خەتتە كۆرسىتىلگەن بارلىق كۆرسەتمىلىرىڭلارنى ئوپئوچۇق چۈشەندىم ۋە ئۇنى ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن.

بىز سىلەرنىڭ كۆرسەتمەڭلەرگە ئاساسەن، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئىتتىپاقى نىزامنامىسى»نىڭ بەشىنچى تارمىقىدىكى ئاياللارنىڭ (ئەرلەر بىلەن) باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشىغا ئالاقىدار مەزمۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزدۇق.

جاھانگىرلىكنىڭ گۇماشتىسى ما جوڭيىڭ مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئەگەر سىلەرنىڭ قوللىشىڭلار، شىنجاڭغا قەرز بەرگەن پۇللىرىڭلار ۋە مۇتەخەسسىسلەر ـــ يەنى سىۋاندىزنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى كومىتېتنىڭ ئەزالىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن دۆلەتنىڭ ئاخىرقى تەرەققىيات پىلانى بولمىغان بولسا، مەدەنىيەت جەھەتتە قالاق شىنجاڭدا دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىنتايىن مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئادا قىلغىلى بولمايتتى. شۇڭلاشقا مەن شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن قەتئىي زۆرۈر بولغان ياردىمىڭلار ئۈچۈن كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. مەن سىلەرنىڭ بارلىق كۆرسەتمىلىرىڭلارنى ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىجرا قىلىشقا باشلىدىم. چۈنكى، مەن خىزمەتتە ماركسىزملىق ـ لېنىنىزملىق نۇقتىئىينەزەرگە ئىگە، مەن ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ ئىخلاسمەن مۇرتى، شۇنداقلا مەن سىلەرنىڭ مېنى ھەر ۋاقىت يېتەكلىشىڭلارنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

خۇلاسىلىگەندە، يېقىن كەلگۈسىدە موسكۋاغا بېرىپ داۋالىنىشنى ئويلاۋاتقان باش كونسۇل ئاپرېسوف بىلەن بىللە موسكۋاغا بېرىشىمغا رۇخسەت قىلىشىڭلارنى سەمىمىي تەلەپ قىلىمەن. مەن بۇ

ئارزۇيۇمنى ئادەتتىكى مائارىپ زىيارىتى شەكلىدە ئىشقا ئاشۇرۇشنى خالىمايمەن. ئەكسىچە، مەن سىلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچراشتۇرۇلۇپ، زۆرۈر كۆرسەتمىلەرنى ئۆزۈڭلاردىن بىۋاستە تاپشۇرۇۋېلىشنى، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇلار مېنىڭ كېيىنكى خىزمەت جەريانىدىكى ئۇنۇمدارلىقىمنى ۋە ئىقتىدارىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

ماڭا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭلارغا ۋە سوۋغىتىڭلارغا چوڭقۇر مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. مىننەتدارلىق ۋە كۆڭۈل ئىزهارى سۈپىتىدە مېنىڭمۇ كىچىككىنە سوۋغامنى قوبۇل قىلغايسىلەر.

كومىتېت رەئىسى سۇاندىزنىڭ هاياتىمىز، خىزمىتىمىز ۋە ئارزۇيىمىز ھەققىدە تېخىمۇ تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

خېتىمنىڭ ئاخىرىدا مەن شەرقتىن كەلگەن، بىزنى چۈشىنەلەيدىغان ۋە بىزگە كۆپ ياردەم بېرەلەيدىغان سۇاندىزنى ئەۋەتكەنلىكىڭلارغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈشنى باش تارتىپ بولالمايدىغان مەجبۇرىيىتىم دەپ قارايمەن. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان پىلانلارنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. سۇاندىز باشچىلىقىدىكى كومىتېتنىڭ كېلىشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى كۈچلەندۈرۈشتە زور رول ئوينىدى. مەن ۋە ئەڭ يېقىن ھەمراھلىرىم سىلەرگە چەكسىز مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

ساداقەتمەن ئوقۇغۇچىڭلار بولغان ئاپرېسوفنىڭ بىز ئۈچۈن ئورنىنى باسقىلى بولمايدىغان دوست، مەسلىھەتچى ۋە يولداشلىق رولىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشمۇ ئالاھىدە زۆرۈر دەپ قارايمەن. بىز ئۇنىڭ شىنجاڭدا تىنچلىق ساقلاش، بىرلىشىش ۋە تولۇق تىنچلىق ئورنىتىش جەھەتلەردىكى خىزمەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايمىز. مەن ئۇنىڭ بىلەن دوستانە شەكىلدە مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ئىشلەپ، كۆرسەتمىلىرىڭلارنى تولۇق ئىجرا قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

سىلەرگە سالامەتلىك تىلەيمەن.

ئۆزىنى ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ستالىنغا بېغىشلىغۇچى ۋە كۆرسەتمىلىرىڭلارغا تولۇق بويسۇنغۇچى ـــ شېڭ شىسەي.

1934 ـ يىلى 1 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/121899



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2021-يىلى 3– ئاينىڭ 25 – كۈنىدىن 4– ئاينىڭ 26 - كۈنىگىچە)

www.uyghurkitap.com

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدە يۈز بەرگەن، ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار مۇھىم ۋەقە ـ ھادىسىلەر

**(2021 ـ يىلى 25 ـ مارتتىن، 2021 ـ يىلى 26 ـ ئاپرېلغىچە)**

### خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقاتى ئۈچۈن Twitter بىلەن Facebook تىن ئۆتكەن يىلغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ كۆپ پايدىلانغان

ۋال سىچرىت ژورنىلىنىڭ 30 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قاراتقان سىياسىتى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتى تۋىتتېر ۋە فېيسبۇكتا ئۆتكەن يىلى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان بولۇپ، خىتاي بۇ تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستاندا تەسىس قىلغان جازا لاگېرلىرى ۋە سىستېمىلىق نازارەت قىلىشنى غەربى شىمال رايونلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ تەشۋىق قىلغان. ئاۋىستىرالىيەدىكى بىر تەتقىقات ئورنىنىڭ يېڭى تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت تاراتقۇلىرى ۋە تاشقى ئىشلار تۋىتتېر ھېساباتى تارقاتقان شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى تۋىتتېر مەزمۇنى ئۆتكەن يىللاردىكىدىن تېز سۈرئەتتە ئېشىپ، 2020 ـ يىلى ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 500 قېتىمغا يەتكەن. خەۋەردە يەنە، خىتاينىڭ چەتئەلدىكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىنىڭ كۆنسىرى كۆچىيىشىگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقى، بۇ يازمىلارنىڭ خىتاينى قوللايدىغان ئامېرىكىغا قارشى پىكىردىكى كىشىلەرگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

### خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىدە تۈركىيەنىڭ قوللىشىنى ئارزۇلايدۇ

جەنۇبىي خىتاي ئەتىگەنلىك پوچتىسى گېزىتىنىڭ 26 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ يى تۈركىيەگە قىلغان زىيارىتىدە مەككارلىق بىلەن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قاراتقان سىياسىتىنى قوللاشنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە تېخىمۇ كۆپ تۈركىيە مەھسۇلاتلىرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سېتىۋېلىشقا ۋەدە بەرگەن، ۋاڭ يەنە تۈركىيەنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ئېلان قىلغان باياناتتا دېيىلىشىچە، خىتاي تۈركىيەنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىنى قوللىغىنىغا ئوخشاش، تۈركىيەدىن خىتاينى قوللاشنى تەلەپ قىلغان. خەۋەردە يەنە ئەردوغاننىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرىدىغانلىقى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن تېخىمۇ يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

### شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇغۇلۇش نىسبىتى شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ كەتتى

ئامېرىكا ئاۋازى تورىنىڭ 27- مارتتىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەر ئەيىبلەۋاتقان خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى شەرقىي تۈركىستاندا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، خىتاينىڭ يېڭى ستاتىستىكا مەلۇماتى بۇنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قارىتا باستۇرۇش ئېلىپ بارغاندىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇغۇلۇش نىسبىتى شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ كەتكەن بولۇپ، 2017- يىلىدىكى ھەر مىڭ ئادەمدە 15.8 دىن 2020- يىلىدىكى ھەر مىڭ ئادەمدە 8.14 كە چۈشۈپ كەتكەن. خىتاينىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، ئەمما شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇس كۆپىيىشىنىڭ تۆۋەنلەش نىسبىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ، تەنقىدچىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە تۆۋەنلەش ئاستا خاراكتېرلىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھېسابلىنىدىكەن.

### خائىن خالىدە پاش بولدى

ئاۋىستىرالىيەنىڭ ئادېلايد شەھىرىدە 30- مارت نەچچە يۈز كىشى خىتاينىڭ يېڭى كونسۇلخانىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا كونسۇلخانا ئالدىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارشى نامايىش قىلغان ۋە تۇرلۇك پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ خىتايغا قارشى شوئار توۋلىغان. خىتاي كونسۇلىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئۇزۇندىن بېرى شىنجاڭ بىرلەشمىسى نامىدىكى خىتاي تەشكىلاتىدا خىتاي ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىۋاتقان خائىن خالىدە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، نامايىشچىلارنىڭ قاتتىق غەزىپىگە ئۇچرىغان. بۇ تەشكىلات خىتايلار تەرىپىدىن پىلانلىق

شەكىلدە ئاۋستىرالىيە خەلقىنىڭ كۆزىنى بوياش مەقسىتىدە قورۇلغان بولۇپ، خائىن خالىدە بۇ تەشكىلاتتا ختاي ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلگەن.

## ختاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكا ۋە كانادا ئەمەلدارلىرىغا قارىتا جازا يۈرگۈزدى

تەيبېي ۋاقتى گېزىتىنىڭ 29 ـ مارتتىكى خەۋرىدە دېيىلىشىچە، ختاي ھۆكۈمىتى شەنبە كۈنى شەرقىي تۈركىستان رايونىدىكى سىياسىتى تەسىرىدە كۈنسىرى كۈچىيىۋاتقان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تالاش ـ تارتىشلار سەۋەبىدىن ئامېرىكا ۋە كانادا ئەمەلدارلىرىغا قارىتا جازا يۈرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلغان. ختاي بۇ قېتىم ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ باشلىقى گېيل مانچىن (Gayle Manchin)، كومىسسىيەنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تونى پېركىنس (Tony Perkins)، كانادا پارلامېنت ئەزاسى مايكېل چوڭ (Michael Chong) ۋە كانادا پارلامېنتىنىڭ خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تارماق كومىتېتى قاتارلىق شەخس ۋە ئورگانلارنى جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن بولۇپ، ختاينىڭ بۇ قىلمىشى ئامېرىكا ۋە كانادانىڭ كۈچلۈك تەنقىدىگە دۇچ كەلگەن. خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، ختاي يەنە شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى رەت قىلغان ۋە ختاينىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىگەن بىر تۈركۈم چەتئەل شىركەتلىرىنى بايقوت قىلىش چاقىرىقى ئېلان قىلغان.

## بىر قىسىم ئاۋستىرالىيە پۇقرالىرى ختاي تەرىپىدىن قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلدى

ئامېرىكىدىكى ABC خەۋەرلەر تورىنىڭ 31 ـ مارتتىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، سابىق ئاخبارات باشلىقى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە داڭلىق سودىگەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 161 ئاۋستىرالىيە پۇقراسىنىڭ كىملىكى ختاينىڭ ئىچكى نازارەت سىستېمىسى ھېسابلىنىدىغان شاخخەي بىخەتەرلىك ھۆججەتلىرىدە ئاشكارلىنىپ قالغان بولۇپ، ئاۋستىرالىيە دائىرىلىرى پۇقرالارنىڭ شاخخەي جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى تەرىپىدىن نازارەت ئوبيېكتى قىلىنغان ياكى قىلىنمىغانلىقىنى تەكشۈرمەكتە ئىكەن. خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى خاتىرىلەردە نەچچە مىڭلىغان، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ يېشى بەش ياش ئەتراپىدا بولغان ئاز سانلىق مىللەت ئۇيغۇرلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە سوراق قىلىش جەريانى تەپسىلى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ھادىسە ختاينىڭ قانۇن ۋە سىياسەت يۈرگۈزۈشتە سانلىق مەلۇماتلارنى قانداق كونترول قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

www.uyghurkitap.com

## بېنگالدىكى ئىجتىمائىي ـ دىنىي تەشكىلاتلار ب د ت غا چاقىرىق قىلدى

ئىقتىساد ۋاقتى گېزىتىنىڭ 3 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، بېنگالدىكى تەسىرى كۈچلۈك ئىجتىمائىي ۋە دىنىي تەشكىلاتلار ب د ت نى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قىلىنغان زىيانكەشلىكنى توختىتىشتا ئۆز رولىنى جارىي قىلىشقا چاقىرىق قىلغان. جۇمە كۈنى بېنگالدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، يىغىندا «ئۇيغۇرلارنىڭ پەريادى» دېگەن كىتاب تارقىتىلغان. يىغىنغا قاتناشقۇچىلار مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان ۋەھشىيلىكىگە ھازىرغىچە سۈكۈت قىلغانلىقىنى ئەيىبلىگەن ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنى تەكشۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. خەۋەردە يەنە، زورۇر تېپىلغاندا سەئۇدى ئەرەبىستان، تۈركىيە، مىسىر ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى ئەلچىخانىلارغا ئۇيغۇرلارغا قىلىنغان زىيانكەشلىكنى توختىتىش ئۈچۈن ئىسپات كۆرسىتىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

## ياپونىيە خىتاينى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە خوڭكوڭنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا چاقىردى

ۋال سىچرىت ژۇرنىلىنىڭ 5 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ياپونىيەنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا ۋە خوڭكوڭدىكى باستۇرۇشنى توختىتىشقا چاقىرغان. توكيو ۋاشىڭتوننىڭ يېقىن ئىتتىپاقدىشى بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغىچە ئەڭ چوڭ سودا ھەمراھى بولغان خىتاينى غەزەپلەندۈرۈپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەرگە قوشۇلۇپ خىتايغا جازا يۈرگۈزمىگەن. توكيودىن كەلگەن بۇ پەۋقۇلئاددە ئۈچۈرنىڭ ياپونىيە باش مىنىستىرى يوشىخىدې سۇگانىڭ (Yoshihide Suga) 16 ـ ئاپرېلدىكى ئامېرىكا پرېزىدېنتى بايدىن بىلەن بولغان ئۇچرىشىشىدىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا چىقىشى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. خەۋەردە يەنە دۈشەنبە كۈنى ياپونىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى توشىمىتسۇ موتېگىنىڭ (Toshimitsu Motegi) خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى بىلەن تېلېفون سۆھبەت ئېلىپ بارغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ھېچ تەپ تارتماستىن شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئىنكار قىلغان ۋە ياپونىيەنىڭ خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرغان.

## ئامېرىكا 2022 ـ يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ

فوربېس ژۇرنىلىنىڭ 6 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارشى خەلقئارالىق ئىنكاسلارنىڭ بارغانچە كۈچىيىشىگە ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان 2022 ـ يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشنى ئويلاشقان. ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى نېد پىرايىسنىڭ (Ned Price) بىلدۈرۈشىچە، ئەگەر باشقا دۆلەتلەرمۇ بۇ قېتىملىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالسا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭمۇ بۇ مۇسابىقىنى بايقۇت قىلىشى مۇمكىن ئىكەن. بۇ بايانات دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى ئېلان قىلىنىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، باياناتتا خىتايدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇشنى ۋە ۋۇخەندە خىتاي ۋىرۇسىنىڭ تارقالغانلىقىنى خەۋەر قىلغان تۆت مۇخبىرنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى ئەيىبلەنگەن.

## ياۋروپا ـ خىتاي مۇناسىۋىتى خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 7 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، شى جىنپىڭ چارشەنبە كۈنى گېرمانىيە باش مىنىستىرى ئانگېلا مېركېلغا (Angela Merkel) خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋروپا ـ خىتاي بىرلەشمىسىدىكى مۇناسىۋەتتە تۈرلۈك خىرىسقا دۇچ كەلگەنلىكى ۋە ياۋروپانىڭ "مۇستەقىل" توغرا ھۆكۈم چىقىرىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. شى جىنپىڭ يەنە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى بىر بىرىنى ھۆرمەتلىشى، بىر ـ بىرىنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىقىنى تۆگىتىپ، ئورتاق ھەمكارلىشىشى كېرەك دەپ بىلجىرلىغان. خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، ياۋروپا ئىتتىپاقى ئالدىنقى ئايدا شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى سەۋەبىدىن خىتاي ئەمەلدارلىرىغا قارىتا جازا يۈرگۈزگەن بولۇپ، خىتاي بۇ ئەيىبلەشنى رەت قىلغان ۋە ئارقىدىنلا ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى ۋە ئورۇنلىرىنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزگەن. خەۋەردە يەنە مېركېل بىلەن شى جىنپىڭنىڭ خىتاي ۋىرۇسى ۋاكسىنىسىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تارقىتىش، ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

## شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىككى سابىق ئەمەلدار ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئامېرىكا ئاۋازى تورىنىڭ 7 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىككى سابىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بۆلگۈنچىلىككە چېتىشلىق دەپ ئەيىبلىنىپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. سابىق مائارىپ ئەمەلدارى ساتتار ساۋۇت مىللىي بۆلگۈنچىلىك، تېرورلۇق ۋە دىنىي ئاشقۇنلۇقنى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەكتەپ دەرسلىكىگە كىرگۈزگەن دەپ ئەيىبلەنگەن بولسا، شەرقىي تۈركىستاندىكى رايونلۇق ئەدلىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شېرزات باۋۇدۇن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن تېرورلۇق تەشكىلاتى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش، شۇنداقلا قىزىنىڭ تويىدا قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش دېگەندەك جىنايەتلەر بىلەن ئەيىبلىنىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

2

## بىلىنكىن خىتايغا COVID غا بولغان ئىنكاسى ۋە ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسى سەۋەبىدىن ھۇجۇم قىلدى

نيۇيورك پوچتىسى گېزىتىنىڭ 11 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئانتونى بىلىنكىن (Antony Blinken) خىتاينى خىتاي ۋىرۇسىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئۇچۇق ـ ئاشكارە بولمىغانلىقى ۋە ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق پائالىيىتى بىلەن ئەيىبلىگەن. بايدىن ھۆكۈمىتى مارتتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بارغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارشى خىتايغا جازا يۈرگۈزگەن بولۇپ، خىتايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان 2022 ـ يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىش توغرىسىدا ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمىگەن. بايدىن NBC نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغانلىقى، مۇسابىقىگە يەنە بىر يىلدەك ۋاقىت بارلىقى، شېرىكلىرى ۋە ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىش قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

## خىتاينىڭ ئىسلامغا زەربە بېرىشى 1975 ـ يىلدىكى قەتلىئامنى ئەسلىتىدۇ

تاشقى سىياسەت تورى 11 ـ ئاپرېل «خىتاينىڭ ئىسلامغا زەربە بېرىشى 1975 ـ يىلدىكى قەتلىئامنى ئەسلىتىدۇ» ناملىق ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ماقالىدە دېيىلىشىچە 2018 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلى غىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى بەلگىلىمىلەر سەۋەبىدىن خىتاينىڭ دىني سىياستى كۆنسايىن كۆچىيىپ خىتاي هۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشايدىغان مۇسۇلمانلارغا بېسىم پەيدا قىلغان. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى يوقىتىشنى نىشان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى باشقا رايونلاردا ياشايدىغان مۇسۇلمان ئاممىنى جۈملىدىن ئىسلامنى ئاساسي تىغ ئۇچى قىلغان. ماقالىدە يەنە، يېقىنقى يىللاردىن بېرى تۇڭگانلارمۇ ئوخشاش بېسىمغا دۇچ كەلگەن بولۇپ، 1975 ـ يىلى خىتايلار تەرىپىدىن مەسچىتلىرى تاقىلىپ، قۇرئانلىرى كۆيدۈرۈلگەن، قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋەھشىيلەرچە قەتلىئام قىلىنغان شادىيەنلىكلەر بۈگۈنكى كۈندە ئوخشاش بىر تارىخنى باشتىن كەچۈرمەكتە دېيىلگەن.

### ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزالىرى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاۋام پالاتاسى قانۇن لاهىيىسىنى قوللىدى

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 13 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئامېرىكادىكى كېڭەش پالاتاسىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ ئىلتىماسىنى تېزلىتىدىغان بىر قانۇن لاهىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئاۋام پالاتاسىنىڭ خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلار مۇسۇلمانلىرىنى قوللاش تىرىشچانلىقىغا ماسلاشقان. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزاسى ماركو روبىيو (Marco Rubio) ۋە دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزاسى كىرىس كونس (Chris Coons) «ئۇيغۇر كىشىلىك هوقۇقىنى قوغداش قانۇنى»نى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ قانۇن بويىچە شەرقىي تۈركىستاندا خىتاينىڭ باستۇرۇشىغا دۇچ كەلگەن ياكى قېچىپ كەتكەن ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىزلارغا 2 ـ نومۇرلۇق مۇساپىرلىق سالاهىيىتى بېرىلگەن. كېڭەش پالاتاسىنىڭ قانۇن لاهىيسى 3 ـ ئايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاۋام پالاتاسىنىڭ نۇسخىسىنى تولۇقلىغان بولۇپ، كىشىلەر مۇساپىرلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ رەسمىي قانۇنغا ئايلىنىشىدا ئىجابىي قاراشتا ئىكەن. خەۋەردە يەنە، بۇ قانۇن لاهىيىسىنىڭ ئامېرىكىنىڭ شېرىكلىرى ۋە ئىتتىپاقداشلىرىغا ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى مەسىلىسىدە ئىلهام بولىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ياپونىيە ئۇيغۇر سەرخىللىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدى

14 ـ ئاپرېل ياپونىيەنىڭ «NHK» ئاگېنتلىقى «غايىب بولغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى» ماۋزۇلۇق بىر فىلىم تارقاتقان بولۇپ، فىلىمدە خىتاينىڭ مىليونلاپ ئۇيغۇرلارنى جازا لاگېرلىرىغا سولىغانلىقى، لاگېرغا سولانغانلار ئىچىدە يۈزلەرچە ئۇيغۇر ئىلىم ئادەملىرى بارلىقى. شۇلاردىن توققۇز كىشىنىڭ ياپونىيەدە ئوقۇغان، تەتقىقات ۋە ئىلمىي زىيارەتتە بولغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان بولۇپ، فىلىمدە ئاساسلىقى يېقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياپونىيەدە بىرەر يىلدەك ئىلمىي زىيارەتتە بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر زىيالىسى، شائىر ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. فىلىمدە ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ ياپونىيەدە ياشاۋاتقان قىزى دادىسى ھەققىدە ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تۆتقۇندىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئاۋازى بولۇش يولىدىكى ئىش ئىزلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان. فىلىمدە يەنە خىتاينىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان «سايىلەر ئىچىدىكى ئۇرۇش» نامىلىق تەتۈر تەشۋىقات فىلىمىمۇ قەيت قىلىنغان بولۇپ، «NHK» ئاگېنتلىقى خىتاينىڭ بۇ تەتۈر تەشۋىقات فىلىمگە تەنقىدىي نەزەردە مۇئامىلە قىلغان.

## ئاۋستىرالىيەدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي خاككېر ساقچىلىرىنىڭ قارا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى ئاشكارىلاندى

ئاۋستىرالىيەدە چىقىدىغان ABC خەۋەرلەر تورىنىڭ 14 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئاۋستىرالىيەدە ياشايدىغان ئۇيغۇر جەمئىيىتى رەھبەرلىرى ۋە ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىنى نازارەت قىلىش، پاراكەندىچىلىك سېلىش ئۈچۈن «گۇمانلىق تېررورچى» دەپ قارا تىزىملىككە كىرگۈزگەنلىكى ئاشكارە بولغان. ئاۋستىرالىيەدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ قارا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ نازارەت قىلىنغان ۋە سوراقىا تارتىلغان بولۇپ، ئاشكارىلانغان قارا تىزىملىكتە باللار ۋە 7600 دىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت ئۇيغۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون مىڭ «گۇمانلىق تېررورچى» نىڭ خاتىرىسى بار ئىكەن. ABC نىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، ئەڭ ئاز دېگەندە ئاۋستىرالىيەدە ياشايدىغان ئۈچ ئۇيغۇر بۇ قارا تىزىملىكتە بار بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ چەتئەل تەسىرىنى يىراقتىن نازارەت قىلىش ۋە يوقىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئىسپاتى ھېسابلىنىدىكەن. خىتايدا «تېررورلۇق» ناھايىتى كەڭ ۋە مۈجمەل ئۇقۇم بولۇپ، «گۇمانلىق تېررورچى» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنلەر ھەر ۋاقىت خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىشقا ۋە پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىشى مۇمكىن ئىكەن.

## ئاۋام پالاتاسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق خىتابنامىسىگە بېلەت تاشلىشى

مۇھاپىزەتچى گېزىتىنىڭ 14 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئەنگلىيە ئاۋام پالاتاسىغا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق خىتابنامىسىگە بېلەت تاشلاش پۈرسىتىنىڭ بېرىلىشى خىتاي ـ ئەنگلىيە مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بولسىمۇ، تەشكىللىگۈچىلەر كەم دېگەندە ئۈچتىن ئىككى قىسىم پارلامېنت ئەزاسىنىڭ 22 ـ ئاپرېل خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا ئېلىپ بارغان ۋەھشىيلىكىگە قارشى بېلەت تاشلىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق توغرىسىدا كوللېكتىپ قارار چىقىرىشى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان بولۇپ، پارلامېنت ئەزالىرى 2016 ـ يىلى يەزىدلەر ئۇچرىغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق توغرىسىدا بېلەت تاشلىغان. خەۋەردە دېيىلىشىچە، بۇ قېتىملىق بېلەت تاشلاش ھۆكۈمەتكە قارىتا چەكلەش كۈچىگە ئىگە ئەمەس دەپ قارالغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاينى ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىلەن ئەيىبلىگەن پالاتا ئەزالىرىنىڭ دىپلوماتىك ۋە ئەخلاقىي تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

3

## غەربنىڭ خىتايغا قاراتقان جازاسى بۇ مەسىلىنى مەجبۇرلامدۇ ياكى ھەل قىلامدۇ؟

جەنۇبىي خىتاي ئەتىگەنلىك پوچتىسى گېزىتىنىڭ 16 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن خىتايغا قارىتا مەجبۇرىي ئەمگەككە ئالاقىدار مەھسۇلاتلارنى چەكلەش، كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى بىلەن بىۋاستە ئالاقىدار بولغان ئەمەلدارلارغا جازا يۈرگۈزۈش قاتارلىق بىر قاتار ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جازا تەدبىرلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئىقتىسادىي تەسىرى بار ـ يوقلۇقىنى كۆزىتىشكە توغرا كېلىدىكەن. خوڭكوڭلۇق ئىقتىسادشۇناسلار ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ يەرشارى سودا باشلامچىسى نېك مارروننىڭ (Nick Marro ) دېيىشىچە، بۇ جازا تەدبىرلەر خىتايغا كۆرۈنەرلىك ماكرو ئىقتىسادىي تەسىر كۆرسىتەلمەسلىكى مۇمكىن بولۇپ، ھەقىقىي ئىقتىسادىي تەسىر ئۇلارنىڭ قانچىلىك قاتتىق ئىجرا قىلىنىشىغا باغلىق ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

## لىتۋا خىتاينىڭ تەھدىتىگە قارىماستىن ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا تۇتۇش قىلدى

شەرقىي ياۋروپا خەۋەرلەر تورىنىڭ 19 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، بىرىيوسېلنىڭ خىتايغا جازا يۈرگۈزىشىدەك تارىخىي ھەرىكىتىدىن كېيىن، خىتاي ياۋروپادىكى ئون نەچچە دىپلومات ۋە ئەمەلدارنىڭ ئىچىدە لىتۋالىق تۆت سىياسىئوننى نىشانلاپ ئۆچ ئالغان. لىتۋا پارلامېنت ئەزاسى دوۋىل (Dovil) خىتاينىڭ جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، باشقا پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە خىتاي ئەلچىخانىسىدىن تەھدىت خەتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالغان. گەرچە لىتۋا پارلامېنت ئەزالىرىغا بىۋاستە بېسىم بولسىمۇ، ۋىلنىيۇس (Vilnius) ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان باستۇرۇشنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئېلان قىلىشنى پىلانلىغان بولۇپ، لىتۋا خىتاينى ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى بىلەن ئەيىبلەيدىغان دۆلەتلەرگە قوشۇلۇشى خىتاينىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىكەن. خەۋەردە يەنە 22 ـ ئاپرېل لىتۋا پارلامېنتىدا ئالاھىدە ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىنىڭ ئېچىلىدىغانلىقى، يىغىندا خەلقئارالىق مۇتەخەسسىسلەر ۋە تۈرمىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇغقانلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بارىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

## خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش خەۋەرلەر تورىنىڭ 19 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى يېڭى دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، دوكلاتتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقى، خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇ كەڭ كۆلەملىك ۋە سىستېمىلىق تۇتۇپ تۇرۇش، قىيناش، مەدەنىيەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قاتارلىق قىلمىشلارغا مەسئۇل بولىشى كېرەكلىكى تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئەللىك ئۆچ بەتلىك "ئۇلارنىڭ نەسەبىنى بۇزۇپ يىلتىزىنى قورۇتۇش" ناملىق دوكلات ستانفورد قانۇن ئىنستىتۇتى كىشىلىك ھوقۇق ۋە زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئورگىنىنىڭ ياردىمىدە يېزىلغان بولۇپ، دوكلاتتا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرلۈك كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ خىتايغا مەسئۇل دېرىكتورى رىچاردسون (Richard son) خىتاي دائىرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلار باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھاياتى، دىنى ۋە مەدەنىيىتىگە سىستېمىلىق زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى تىلغا ئالغان. خەۋەردە دېيىلىشىچە، كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش

تەشكىلاتى ۋە ستانفورد كىشىلىك ھوقۇق ئورگىنى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ قارار چىقىرىپ، ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتىنى تەكشۈرۈش، بۇ جىنايەتكە ئالاقىدار خادىملارنى ئېنىقلاش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلغان.

## ياۋروپا ئىتتىپاقى  خىتاينىڭ نىشانىغا ئايلاندى

ياپونىيە Forward خەۋەرلەر تورىنىڭ 21 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، ياۋروپا بىرلەشمىسى تاشقى ئىشلار كېڭىشى مارت ئېيىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى سەۋەبىدىن خىتايدىكى تۆت ئەمەلدار بىر ئورۇنغا قارىتا جازا يۈرگۈزگەن بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي خىتاي بۇنىڭ قارشىلىقىدا ياۋروپادىكى ئون شەخس تۆت ئورۇننى جازالاش ئارقىلىق ئۆچ ئالغان. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئامېرىكىغا قارىغاندا قاتتىق بولۇپ، خىتاي ئامېرىكىنىڭ ئارانلا ئىككى ئادەمگە جازا يۈرگۈزگەن. كۆزەتكۈچىلەرنىڭ قارىشىچە ياۋروپا ئىتتىپاقى گەرچە خىتايغا قارشى جازا يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ خىتايغا قاراتقان قاتتىق سىياسىتىگە ماسلاشقاندەك قىلسىمۇ، ئامېرىكىغا قارىغاندا خىتايغا نىسبەتەن ئاجىز ھېسابلىنىدىكەن. خىتاي ئىستراتېگىيىسى تارىختىن بۇيان «ئەڭ ئاجىز ئۈلىنىش»نى نىشان قىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ قېتىم ياۋروپانى نىشان قىلىشى مۇمكىن ئىكەن.

## ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى خىتاي بىلەن بولغان بىر يول، بىر بەلباغ كېلىشىمىنى بىكار قىلدى

ئامېرىكىدىكى CNA خەۋەرلەر تورىنىڭ 21 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى چارشەنبە كۈنى خىتاي بىلەن بولغان بىر يول، بىر بەلباغ كېلىشىمىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى، بۇ كېلىشىمنىڭ دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلار سىياسىتىگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ئاۋستىرالىيە ئۆتكەن يىلى خىتايغا قارىتىلغان دەپ قارالغان بىر قانۇن لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ قانۇن ئارقىلىق دۆلەت مەنپەئەتىگە تەھدىت دەپ قارالغان چەتئەل دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ھەرقانداق كېلىشىمنى بىكار قىلىشقا بولىدىكەن. خەۋەردە دېيىلىشىچە، ئاۋستىرالىيە ئاللىقاچان خىتاينىڭ ئاۋستىرالىيەدىكى تەسىر كۈچىنى چەكلەش ئۈچۈن تەدبىر قوللانغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تېلېگراف ماگناتى خۇۋا ۋېينىڭ ئاۋستىرالىيەدە 5G تورىنى قۇرۇشنى چەكلەش ۋە شىركەتلەرگە چەتئەل مەبلەغ سېلىش قانۇنىنى چىڭىتىش قاتارلىقلارمۇ بار ئىكەن. 1989 ـ يىلىدىكى تيەنئەنمېن مەيدانى

باستۇرۇشىدىن كېيىن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەڭ تۆۋەن چەككە يەتكەن بولۇپ، 2020 ـ يىلىدىكى توقۇنۇش شەرقىي تۈركىستان ۋە خوڭكوڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگىچە كېڭەيگەن.

## ئەنگلىيە پارلامېنتى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئېتىراپ قىلدى

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 22 ـ ئاپرېلدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئەنگلىيە پارلامېنتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىشلەۋاتقان جىنايەتلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئېتىراپ قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە خىتاينىڭ جىنايىتىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ بېكىتكەن تۆتىنچى دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. ھازىرغىچە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ بېكىتكەن دۆلەتلەر تەرتىپ بىلەن ئامېرىكا، كانادا، گوللاندىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com




## ئەسما گۈن

ئۇيغۇرلارنىڭ بىلگىيەدىكى ساداسى، ئۆز نەسلىنى ئۇنۇتمىغان تۈرك قىزى، سېنارىست، ئۇيغۇر پائالىيەتچىسى ئەسما گۈن خېنىم



# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

بىزئۇيغۇرلار ئىنسانلىقنىڭ، ئەركىنلىكنىڭ ئەڭ ۋاز كەچمەس جەڭچىلىرى بولغاچقا خىتاي بىزنى يوقاتماقچى.

www.uyghurkitap.com